Uluslararası
Uygur Araştırmaları Dergisi
2016/7

# ئوغۇز داستانى *

Oğuz Destanı

Epic of Oguz

ئورد. پروف. در. ئا. زەكى ۋەلىدى توغان

تۈركچىدىن ئاغدۇرغۇچى: پروف. در. ئالىمجان ئىنايەت

## ئوغۇزلارنىڭ ۋە تۈركلەرنىڭ تارىخى

تۈرك تارىخچىلىرى ۋە تىلى چۈچۈك رىۋايەتچىلەر مۇنداق رىۋايەت قىلۇرلەركى: نۇھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەريۈزىنى ئوغۇللىرى ئارىسىدا تەقسىم قىلغاندا چوڭ ئوغلى يافەسكە كۈن چىقىشتىكى ئەللەر بىلەن تۈركىستاننى ۋە ئۇ تەرەپلەرنى بەردى. يافەس تۈركلەرنىڭ تىلى بويىچە ئولجاي خان دەپ لەقەم ئالغان. ئۇ كۆچمەنچى بولۇپ ياشايتتى. ئۇنىڭ يايلاق ۋە قىشلىقى تۈركىستاندا بولۇپ ياز ئايلىرىنى پانچ شەھرىگە يېقىن ئورتاق ۋە كۈرتاقتا، قىش ئايلىرىنىمۇ شۇ تەرەپلەردىكى قاراقۇرۇمنىڭ بورسۇق دېگەن يېرىدە ئۆتكۈزەتتى. بۇ يەردە ئىككى شەھەر بار ئىدى. بىرى تالاس، يەنە بىرى قارى سايرام ئىدى. بۇ كېيىنكىسىنىڭ ناھايىتى چوڭ قىرىق قوۋۇغى بار ئىدى. (بۈگۈن ئۇ يەردە مۇسۇلمان تۈركلەر ياشايدۇ. ئۇ يەر قۇنچىنىڭ دۆلىتىگە يېقىن بولۇپ قايدۇغا قارايدۇ.) ئولجاي خاننىڭ پايتەختى بۇ يەردە ئىدى. ئۇنىڭ دىب ياۋقۇ خان ئىسىملىك بىر ئوغلى بار ئىدى. "دىبنىڭ مەنىسى تەخت ۋە مەنسەپ، "ياۋقۇ"نىڭ مەنىسى خەلقنىڭ يولباشچىسى دىمەكتۇر." .ئۇ بۈيۈك ۋە مەشھۇر پادىشاھ ئىدى. قەدىرلىك ۋە شۆھرەتلىك تۆت ئوغلى بار ئىدى: قارا-خان، ئور-خان، كۈر-خان ۋە كۈز-خان. قارا-خان ۋەلىئەھدى بولغانلىقى ئۈچۈن ئاتىسىنىڭ ئورنىغا دەسسەپ پادىشاھ بولدى. ئۇنىڭ ناھايىتى تەلەيلىك ۋە پادىشاھلىققا لايىق بىر ئوغلى دۇنياغا كەلدى. ئۈچ كۈن ئۈچ كېچە ئانىسىنىڭ سۈتىنى ئەممىدى. ئانىسى ئۇنىڭ ھاياتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ غەم ئەندىشىگە چۈشكەن ئىدى. بىر كېچە چۈشىدە ئوغلىنىڭ بىر نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى كۆردى: "ئەگەر سۈتىمنى ئەم دىسەڭ، بىر تەڭرىنى ئېتىراپ ۋە قوبۇل قىلغىن. زېمىنگە چۈشكەن ھەقلەرنى پەرز دەپ بىلگىن. " مەزلۇم ئۈچ كېچە چۈشىدە بۇ ھالەتنى كۆردى. بۇ قەۋم كاپىر بولغانلىقى ئۈچۈن مەزلۇم ئەھۋالنى ئۇلارغا ئېيتالمىدى. ئېرىدىن يوشۇرۇن ھالدا تەڭرىگە ئىمان كەلتۈردى. قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى ۋە: "ئەي تەڭرىم، مەن بىچارىنىڭ سۈتىنى بۇ بالىنىڭ خالىغىنى بويىچە تاتلىق قىل. " دېدى. ئوغۇز شۇ ھامان ئانىسىنىڭ كۆكسىگە يېپىشىپ ئېمىشكە باشلىدى. بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئاتىسى بالىدا بالاغەت ۋە شاھزادىلىك ئالامەتلىرىنى بايقىدى. ئۇنىڭ پاكىزلىق ۋە گۈزەللىكىگە ھەيران قالدى ۋە: "بىزنىڭ قەۋم ۋە ئۇرۇقىمىزدىن بۇنىڭدىن چىرايلىق بىر بالا دۇنياغا كەلمىگەن " دېدى. بالا بىر يىلدىن كېيىن (ئەيسا پەيغەمبەرگە ئوخشاش) تىلى چىقىپ سۆزلەشكە باشلىدى ۋە

”مەن بىر ئوتاقتا تۇغۇلغانلىقىم ئۈچۈن ئىسمىمنى ئوغۇر[1] قويۇش كېرەك“ دېدى. ئوغۇز بالىلىق چاغلىرىدا ۋە ئۆسۈپ يېتىلگەن چاغلىرىدا، بالاغەتكە يەتكەن چاغلىرىدا دائىم تەڭرىگە سېغىنىپ شۈكۈر قىلاتتى. مەيلى ئۇخلىغان چاغلىرىدا بولسۇن، مەيلى ئويغاق چاغلىرىدا بولسۇن، ھەر دائىم ياراتقان تەڭرىنى چوقۇم ئەسلەپ تۇراتتى. ئۇ تەڭرىنىڭ نۇرلۇق شاپائىتىگە ئېرىشتى. تۈرلۈك بىلىم ۋە ھۈنەردە، ئوق ئېتىشتا، نەيزىۋازلىقتا، سىپاگەرلىكتە ۋە بىلىم بابىدا دۇنياغا داڭ چىقارغۇدەك بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلدى. ئاتىسى ئۇنى تاغىسى كۈز-خاننىڭ قىزىغا ئۆيلەندۈرمەكچى بولدى. ئوغۇز قىزنى ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى. ئۇنى تەڭرىگە ئىمان ئېيتىشقا  دالالەت قىلدى. قىز قوبۇل قىلمىدى. ئوغۇزمۇ ئۇنىڭغا يېقىنلاشمىدى. ئاتىسى ئوغلىنىڭ  بۇ قىزغا قارىمىغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، يەنە بىر قېرىندىشى كۈر-خاننىڭ قىزىنى ئوغلىغا ئېلىپ بەردى. ئوغۇز ئۇنىمۇ ئىمان ئېيتىشقا دالالەت قىلدى. قىز قورقتى ۋە ”ئەگەر مېنى بۇ ھەقتە قىستىساڭ، مەسىلىنى ئاتامغا ئېيتىمەن، ئۇ چاغدا ئاتام سېنى ئۆلتۈرىدۇ“ دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئوغۇزمۇ قىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزدى. قارا-خان ئوغۇزنىڭ ھەر ئىككى قىزنىڭ يۈزىگە قارىمىغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن كىچىك قېرىندىشى ئور-خاننىڭ قىزىنى ئېلىپ بەرمەكچى بولدى. تەسادىپى ھالدا، بۇ قىز بىر كۈنى دېدەكلىرى بىلەن بىللە سۇ بويىدا سەيلە قىلىپ تۇراتتى. دېدەكلەر سۇدا كىر-قاتلىرىنى يۇيۇۋاتقان ئىدى. شۇ ۋاقىتتا ئوغۇزمۇ بىر ئوۋدىن قايتىپ كېلىۋاتقان ئىدى. ئوغۇز قىز بىلەن سۆزلىشىپ ئۆز مەقسىتىنى بايان قىلدى: ”ئەگەر مېنىڭ دېگەنلىرىمگە كىرىپ قوبۇل قىلساڭ، سېنى خوتۇنلۇققا ئالىمەن، بولمىسا، بۇرۇنقى كېلىنلەرگە ئوخشاش سەندىنمۇ يىراق تۇرىمەن، ئايرىلىمەن. “ قىز مۇنداق دېدى: ”مەن سەندىن بىر پارچە بولىمەن، ھەر قانداق بۇيرۇقىڭغا باش ئېگىپ ئىتائەت قىلىمەن. سېنىڭ ھالقاڭ نەدە بولسا، شۇ يەر ماڭا قۇلاق، چەمبىرىڭ (ساچلىرىڭنى تۇتتۇرىدىغان) نەدە بولسا، شۇ يەر ماڭا باشتۇر. “ ئوغۇز بۇ قىزنى ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى، ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى. ئوغۇز ئۇنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. خوتۇنىمۇ ئۇنىڭغا ساداقەت ۋە مۇھەببەت بىلەن باغلانغان ئىدى. ئوغۇز بۇرۇنقى ئىككى كېلىنگە قارىمايتتى. بىر كۈن ئوغۇز پۈتۈن يېقىنلىرى ۋە دوستلىرى بىلەن ئوۋغا كەتكەن ئىدى. ئاتىسى كاپىر قارا-خان بۇ

---

*بۇ ماقالە پىرافېسسور دوكتۇر زەكى ۋەلىدىنىڭ<<ئوغۇزنامە داستانى رەشىددىننىڭ ئوغۇزنامەسى تەرجىمە ۋە تەھلىلى>> ناملىق كىتاپتىن  ئاغدۇرۇلدى.تېكىستتە ئىزاھەت ۋە چۈشەندۈرۈشلەر ناھايىتى كۆپ بېرىلگەن.لېكىن بىز مۇھىم دەپ قارىغان ئىزاھەت ۋە چۈشەندۈرۈشنىلا ئاغدۇردۇق .

1 . رەشىددىننىڭ بەزى نۇسخىلىرىدا بۇ ئىسىم ئۇغۇر شەكىلدە يېزىلغان،ئۇلۇغبېكنىڭ كۈتۈپخانىسىدىن چىققان پ ۋە س نۇسخىلىرىدا كۆپىنچە مۇشۇنداق يېزىلىشى دىققەتسىزلىكتىن بولمىسا كېرەك.بۇ يەردە ئوغۇزغا <<مەن بارگاھتا،يېڭى پادىشاھنىڭ سارايىداتۇغۇلدۇم.ئىسمىم ئۇغۇر بۇلىشى كېرەك>>دىگەەن سۆزگە ئاساسەن بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن بۇ سۆز ئۇغۇر بۇلىشىمۇ مۇمكىن.مەھمۇت قەشقىرىدە بۇ سۆز ئوغۇر،خەيىر،بەرىكەت ۋە دۆلەت (1-توم،53-بەت)،ھ.كازىمدا تەلەي،قۇۋۋەت،ئىقبال،شەرەپلىك ۋە ئامەتلىك دېيىلگەن.ئۇيغۇرچە ئۇغۇزخان داستانى ۋە ئەبۇلغازى باھادىرخان بولسا ھەممە يەردە ئوغۇز شەكلىدە قوللانغان.ئوغۇز شەكلى بۈيۈك ھۇن دۆلىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئومۇملاشقاندەك تۇرىدۇ.ئۇلاردا ”دېگىر“ئەمەس، ”دەگىز“ دېيىلگەن. 760-يىللارغا ئائىت مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشىدا ئون ئۇيغۇر قەۋمىنىڭ 100 يىلدىن بېرى سەلەڭگە ۋادىسىدا ياشاۋاتقان توققۇز ئوغۇزلار ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقى قەيت قىلىنغان. دىمەككى، توققۇز ئوغۇزلار شۇ يەردە 660-يىللاردا ئىسمىلىرى ”ز“ ھەرپى بىلەن ئېيتىلغان بىر قەۋمدىر. شۇ ۋاقىتتىن بۇرۇن ھەمىشە ”ئوگۇر“ ئىسمى ئىشلىتىلگەن. 461- يىلى ۋە 465-يىلىدا ۋىزانتىننىيە مەنبەلىرى ”سارايۇگۇر“لارنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن.  ئەينى چاغلاردا سابىر ۋە ئاغاچېرىلەر ئۇگۇرلارنىڭ ئارقىسىدىن كۆكچە-كۆل تەرەپلىرىگە ئۆتىدۇ (ج. ر. ھامىلتون، توكۇز-ئوگۇز ئەت ئون-ئۇيگۇر، جا، 1962، پپ. 35، 39، 50). سابىر ۋە ئاۋارلارنىڭ غەرپكە كۆچىشى بىلەن تەڭ ئونوگۇر ۋە توقۇروگۇرلارمۇ كۆچكەن. ئەنە شۇ ۋاقىتتىن كېيىن ئىسمىلىرى ”ئوغۇز“ شەكلىدە، يەنى ”ز“ بىلەن ئېيتىلغان تۈركلەر ھازىرقى قازاقىستاندا كۆپ سانىنى ئىگەللىگەن. ئوغۇزلار ران داستانى، پتولەماۋس ۋە ئەل-بىرۇنىگە قارىغاندا، ئوغۇز، ئالان ۋە پەچەنەكلەر ئارال كۆلى تەرەپلىرىدە ياشىغان. پتولەماۋس ياشىغان مىلاددىدىن كېيىنكى 2-ئەسىردە پۈتۈن قازاقىستان ” ز“ بىلەن سۆزلەيدىغان ئوغۇزلارنىڭ دۆلىتى دېمەكتۇر.

ئاربدا بىر زىياپەت بەردى. ئۇ، ئوغۇزنىڭ خوتۇنلىرى بولغان ئۈچ كېلىنگە قەدەھ سۇندى ۋە يىمەك ئەسناسىدا "بۈرۈنقى ئىككى كېلىن، كېيىنكى كېلىنگە قارىغاندا پاكىز، گۈزەل ۋە ئۈستۈن تۇرۇقلۇق، ئوغۇز نېمە ئۈچۈن ئۇنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟" دېدى. بۇ ئىككى كېلىن ئىچىدىكى دەرتلىرىنى تۆكۈش ئۈچۈن مۇشۇنداق بىر پۇرسەتنى كۈتۈۋاتقان ئىدى. ئەمدى دەل پەيتى كەلگەن ئىدى. نەپرەت ۋە دۈشمەنلىك بىلەن مۇنداق دېدى: "ئوغۇز بىزنى بىر تەڭرىگە ئىشىنىپ ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشقا دالالەت قىلدى. بىز بۇنداق بىر تەڭرىنى ئېتىراپ قىلمايمىز دېدۇق. ئۇ بۇنىڭغا خاپا بولۇپ بىزدىن يىراقلاشتى. بۇ كېلىن ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلدى، شۇڭا ئۇنىڭغا شەپقەت ۋە مۇھەببەت كۆرسىتىۋاتىدۇ. ئەمدى بۇ ئەر-خوتۇن يېڭى دىنغا ئېتىقات قىلىۋاتىدۇ، ئاتا-بوۋىلارنىڭ دىنىنى ئىنكار قىلىپ يۈز ئۆرىدى. " قارا-خان بۇ ئەھۋالنى ئۇ كېلىندىن سورىدى، قىز ئىنكار قىلىپ تۇرۇۋالدى. قارا-خان غەزەپلەندى ۋە تۇغقانلىرىنى توپلاپ ئۇلارغا: "ئوغلۇم ئوغۇز بالىلىق چاغلىرىدا بەختىيار، تەلەيلىك ۋە پادىشاھلىققا لايىق ئىدى. ئەمدى ئاڭلىسام، ئۆز دىنىدىن تېنىپ باشقا بىر تەڭرىنى تاللاپتۇ. بىر كىچىك بالا بىزدىن ۋە مەبۇدىمىزدىن يۈز ئۆرۈپ ئۇنى كۆزگە ئىلمىسا، بۇنىڭغا قانداق چىداپ تۇرغۇلۇق؟"دېدى. كېڭەش قىلىپ ئوغۇزنى ئۆلتۈرۈشنى قارار قىلدى. ئۇنى چەيلەپ يوق قىلىش ئۈچۈن ئەسكەر ۋە كۈچ توپلىدى. ئوغۇزغا شەپقەت ۋە مۇھەببەت تۇيغۇلىرى بىلەن باغلانغان كىچىك خوتۇنى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ خوشنىلىرىدىن بىر ئايالنى ئېرى ئوغۇزغا خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەۋەتتى. ئوغۇزمۇ جەڭگە تەييارلاندى.

## ئوغۇزنىڭ ئاتىسىغا،تاغىلىرىغا ئۇرۇق-تۇققانلىرىغا قارشى جەڭ قىلىشى ۋە ئوغۇزنىڭ دۈشمەنلىرىنى يېڭىشى

ئوغۇز ئوۋدىن قايتىپ ئۆيىنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئاتىسى ۋە تاغىلىرىنى ئادەملىرى بىلەن بىرلىكتە جەڭگە تەييار بولۇپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۆز نۆكەرلىرىگە باشلامچى بولۇپ ئۇلار بىلەن جەڭ قىلدى. بۇ جەڭدە ئاتىسى قارا-خان، تاغىلىرى كۈر-خان ۋە كۈز-خان ئۆلتۈرۈلدى. ئوغۇز ئۆز مەيدانىدا چىڭ تۇردى ۋە تاغىلىرىنىڭ ئۇرۇقلىرى بىلەن يەتمىش بەش يىل بويىچە داۋاملىق ئۇرۇشتى. ئاخىرى ئۇلارنى يەڭدى. ئۇلارنىڭ قاراقۇرۇمنىڭ نېرىقى تەرەپلىرىگە قەدەر بولغان ۋىلايەت ۋە ئۇلۇسلارنى ئۆزىگە قاراتتى. قىلىچتىن ئامان قالغانلار ئاخىرى ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلدى. ئۇلار مۇنداق دېدى: "بىز سېنىڭ ئۇرۇقۇڭ ۋە نەسلىڭدىن بولىمىز، بىر يىلتىزدىن ئۆسۈپ چىققان شاخلار ۋە ئۇلارنىڭ مېۋىلىرى بولىمىز. نېمە ئۈچۈن بىزنى يوق قىلىشقا مۇنچىلىك ئۇرۇنىسەن؟" ئوغۇز: "ئەگەر سىلەر تەڭرىگە ئىشىنىپ بىرلىكنى قوبۇل قىلساڭلار جېنىڭلار ئامان قالىدۇ ۋە سىلەرگە يەرلەشمەك ئۈچۈن تۈركىستاننى بېرىمىز" دېدى. لېكىن ئۇلار بۇنىڭغا ئۇنىمىدى. ئوغۇز ئۇلارنى قاراقۇرۇمغا قەدەر قوغلىۋەتتى. ئۇلارمۇ تۇغلا دەرياسى بويىدىكى چۆل ۋە ۋادىلەردە يوقسۇللۇق ئىچىدە ياشاشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ يەرنى ئۆزلىرى ئۈچۈن يايلاق ۋە قىشلاق قىلىۋالدى. بۇلار پېقىرلىق، يوقسۇللۇق، ئاجىزلىق ۋە قەھەتچىلىكتىن ھەر زامان مۈڭ-زار ۋە غەملىكتە ياشىدى. ئوغۇز ئۇلارغا "مۇۋال" دەپ ئىسىم بەردى. يەنى" ھەر دائىم غەم ئەندىشە ۋە بىچارىلىك ئىچىدە ياشاڭلار، ئىت تېرىسى كىيىپ ئوۋ گۆشى يەڭلار، بۇنىڭدىن كېيىن تۈركىستانغا كەلمەڭلار. " [بۇ سەۋەپ بىلەن، تۈركمەنلەرنىڭ ئېتىقادى بويىچە، مۇڭغۇللار كۈر-خان، كۈز-خان ۋە ئور-خاننىڭ نەسلىدىن تۆرەلگەن ۋە تۈركىستاننىڭ شەرق تەرەپلىرىگە ئىگە بولغان. ئەمما ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى ئېنىق ئەمەس. ھېلىقى ئىككى قىزنىڭ ئەھۋالى، تەڭرىنىڭ بىرلىكىنى قوبۇل قىلغان ياكى قىلمىغانلىقى، ئوغۇزنىڭ ئۇلارنى يېنىغا ئالغان ياكى ئالمىغانلىقىمۇ مەلۇم ئەمەس.] ئوغۇز بۇ جەڭلەردىن كېيىن ئاتتىن چۈشۈپ ئالتۇن ئۆيىنى قۇرۇشقا بۇيرۇق قىلدى

ۋە ئۆز تەرەپدارلىرى ۋە دوستلىرى بىلەن بىر زىياپەت ئۆيۈشتۇردى[2]. ياردەم قىلىش ئۈچۈن ئۆزىگە قوشۇلغان بىر قەۋمگە "ئۇيغۇر" دەپ ئىسىم بەردى. بۇ تۈرك تىلىدا ئىزىدىن ماڭغان، ئىتائەت قىلغان دېمەكتۇر. دۈشمەنلەرنى تالان قىلىپ غەنىمەت ئولجا ئالغاندا، هايۋانلار بۇلارنى توشۇپ يېتىشەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، يەنە بىر قەۋم "قانقلى" ياسىغان ئىدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن چاق يوق ئىدى. هارۋىنى تۇنجى بولۇپ بۇلار ياسىدى. نەرسە كېرەك، يۈك ۋە ئولجىلارنى بۇنىڭ ئۈستىگە قويۇپ توشىدى، كەتتى. ئوغۇز بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇلارغا قانقىلىق (يەنى هارۋىلىقلار) لار دەپ ئىسىم بەردى. تالاس، سايرام ۋە ئۇ تەرەپلەرنىڭ ئەسكەرلىرى ئوغۇزنىڭ دۆلىتىدە ئۆزبېشىمچىلىق قىلىشقا باشلىدى. ئوغۇز جازا يۈرۈشى قىلىپ بېرىپ ئۇلارنى يەڭدى. تالاس ۋە سايرامدىن باشلاپ ماۋەرائۇننەهر، بۇخارا ۋە خارەزمگە قەدەر بېسىپ بېرىپ بۇ يەرلەرنى ئۆزىگە قاراتتى. دۆلەتنىڭ هەر قايسى تەرەپلىرىدە ئولتۇراقلاشقان يېقىن ئادەملىرى بىلەن تۈزگەن كېلىشىمنى قايتىدىن بېكىتتى. بۇنىڭدىن مەقسەت ئۆز ئۆيىگە ۋە يېقىن تۇغقانلىرىغا پاراكەندىچىلىك سېلىنمىسۇن ۋە ئۆزىمۇ جاهانگىرلىك سەپىرىگە خاتىرجەم ئاتلانسۇن.

**ئوغۇزنىڭ جاهانگىرلىك ئۈچۈن سەپەرگە چىقىپ هەرقايسى دۆلەتلەرگە ئەلچى ئەۋەتىشى**

ئوغۇز ئۆزى بىلەن يېقىن ئادەملىرى ئوتتۇرىسىدىكى جېدەل-ماجىرالارنى بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن هىندىستانغا ئۆزىگە بەيئەت قىلىشنى سوراپ ئەلچى ئەۋەتتى ۋە باج-خىراج تەلەپ قىلدى. هىندىستان خەلقى ۋە يۇرت چوڭلىرى بۇ تەلەپكە قوپاللىق بىلەن جاۋاپ قايتۇردى. ئەلچىلەر قايتىپ كەلدى. هىند ۋە سىند خەلقىنىڭ ئىسيان ۋە توپىلىڭى داۋاملاشتى. ئوغۇز هىندىستانغا قاراپ سەپەرگە چىقتى ۋە بۇ دۆلەتنى شەرقىي قىسمىدىن باشلاپ ئىشغال قىلىشقا كىرىشتى. ئالدى بىلەن ئۇلۇداق ۋىلايىتىگە بېرىپ ئۇ يەردە بىر مۇددەت تۇرۇپ قالدى.ئۇ يەردىن ئىقارىييەگە كەتتى.بۇ يەر چوڭ دەريا بىلەن مۇستەهكەم قەلئەلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر تاغ ئىدى. دەريادىن كېمە بىلەن ئۆتۈش ئىمكانسىز ئىدى. ئوغۇز تۇلۇمدىن سال ياساش هەققىدە بۇيرۇق بەردى. بۇ سال بىلەن دەريادىن ئۆتتى ۋە بۇ تەدبىر ئارقىلىق قارىييەنى ئالدى. هىندىستاننىڭ شەرقىي قىسمىدا يەنە بىر چوڭ دۆلەت بار ئىدى. پادىشاهى سىنمى (تىنەسى) ئوغۇل ياغما خان ئوغۇزنىڭ هىند ئېلىگە هۇجۇم قىلىپ ئۇ يەرنى ئىستىلا قىلغانلىقىدىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن تەسلىم بولۇش ۋە ئىتائەت قىلىش نىيىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن باج-خىراج تۆلەشنىمۇ قوبۇل قىلغان ئىدى. لېكىن ئوغۇز ئۆز مەملىكىتىگە قايتقاندىن كېيىن يەنە دۈشمەنلىك قىلىشقا باشلىدى، ئوغۇزغا قارشى ئېسيان كۆتەردى. ئوغۇز قايتىدىن كېلىپ ئۇنى تۇتۇپ ئۆلتۈردى ۋە دۆلىتىنىمۇ ئىشغال قىلدى. ئۇ يەردىن يولغا چىقىپ قەدىمى يەتكەن هەر يەرنى ئالدى. شۇنداق قىلىپ پۈتۈن چىننى، ماچىن دىيارىنى ۋە نەنقىياسنى بېسىۋالدى. ئۇ يەرلەردىن نۇرغۇن مال ۋە غەنىمەت ئېلىپ ئۆز ۋەتىنى تۈركىستانغا قايتىپ كېلىپ ئورتاق ۋە ئالاتاققا چۈشتى. ئالمىلىقنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى تۇرقۇنلۇتاق ۋە تۇرقانلۇتاق ناهايىتى يۈكسەك ۋە هەيۋەتلىك ئىككى تاغ ئىدى. "تۇرقان" ۋە "تۇرقۇن" بۇ تاغلاردا ئۆسىدىغان ئىككى خىل ئوت بولۇپ، تاغلارغا بۇ ئوتلارنىڭ ئىسىملىرى بويىچە ئىسىم بېرىلگەن ئىدى. ئوغۇز بۇ يەرگە كېلىپ چۈشكەندىن كېيىن ئون تۆت كۈن تۇرۇپ قالدى. بۇ جايلارنىڭ پادىشاهى ئىنال خان ئوغۇز بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئەسكەر توپلىدى. ئىككى قوشۇن بىربىرى بىلەن ئۇرۇشتى. ئۇرۇش سەككىز كۈن داۋاملاشتى ۋە

---

[2]ئۇيغۇرلارنىڭ يىلتىزى هەققىدىكى هىكايىلارنىڭ ئەڭ قەدىمقىسىنى مۇشۇ هىكايە دەپ ئويلايمان. يەنى ئۇيغۇرلار شەرقىي تۈركىستانغا، مۇڭغۇلىيىگە ئۆتمەستىن بۇرۇن زەرەپشان ۋادىسى بىلەن تالاس ۋادىسى ئارىسىدا ياشىغان. پتولوماىوسنىڭ مىلادىدىن كېيىنكى 2-ئەسىرگە ئائىت هۆججەتلىرىدىكى "ئۇيخاردەس" ئىسمىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادىيە يىللىرىدا تەگرى تاغلىرىنىڭ ئوتتۇرا قىسىملىرىدا ياشىغانلىقىنى. كۆرستەلەيدۇ.

ھەر ئىككى تەرەپتىن نۇرغۇن ئەسكەر قىرىلدى. سەككىزىنچى كۈنى، تۆگىلەرنى ۋە خېچىرلارنى بىربىرىگە باغلاپ بىر سەپ تۈزۈپ ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىغا چىقاردى. ئۆيلەردىن، چېدىرلاردىن ۋە يۈك-تاقلاردىن بارىكاد ياسىدى. بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يامغۇردەك ئوق ياغدۇردى. شۇنداق قىلىپ ئوغۇز غەلبە قازاندى ۋە ئىنال خاننى ئۆلتۈردى.مەملىكىتىنى ئالدى.بۇ يەردىن ئۆز يۇرتى ئورتاق ۋە كۈرتاققا قاراپ يولغا چىقتى. مەقستى بۇ يەردە ئاتلىرىنى سەمرىتىش ئىدى. چۈنكى شىمالدىكى دۆلەتلەرنى پەتىھ قىلىشقا بەل باغلىغان ئىدى. بەگلىرى بىلەن يولدا كېڭەشتى. كېڭەشتە ھىند مەسىلىسىنى ھەل قىلىش توغرىسىدا بەزى قارارلار بېرىلدى. يەنى ئالدى بىلەن ئامۇي دەرياسىنىڭ پەنجاپ قىسمىدىن ئۆتۈش قارار قىلىندى. تەسلىم بولۇپ بويسۇنۇشى ئۈچۈن گۇر، گارجىستان ۋە شۇ تەرەپلەرگە ئەلچى ئەۋەتىپ باج-خىراج تۆلەشنى قوبۇل قىلىشنى بىلدۈردى. ئەگەر قوبۇل قىلسا، ياخشى، بولمىسا ئۇرۇشماقچى بولدى. قوشۇن ئالدى بىلەن گارجىستان تەرەپلىرىگە يۈرۈش قىلدى ۋە ئەلچى ئەۋەتتى. گۇر ھۆكۈمدارى ئەلچىلەرنى ناھايىتى چوڭ ھۆرمەت بىلەن قارشى ئېلىپ كۈتۈۋالدى ئىتائەت ۋە تەسلىم بەلبېغىنى جان بېلىگە باغلىدى.ئۆزى دەرھال ئوغۇزنىڭ ئالدىغا بېرىپ ھەر يىل باج-خىراج تۆلەشنى زىممىسىگە ئالدى. "ۋىلايىتىمىزنىڭ يېقىنلىرىدا ۋە ئەتراپىدا دۈشمەن كۆپتۇر" دېدى. ئوغۇز سەرخىل يۈز ئاتلىق ئەسكەرنى گۇر ھۆكۈمدارى بىلەن بىرگە ئۇ ۋىلايەتلەرگە ئالدىن ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى: "ئەگەر تەسلىم بولۇپ بويسۇنسا، ياخشى، بولمىسا، ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار " دېدى. ئوغۇزنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، پۈتۈن گۇر ۋىلايىتىنى، گارجىستاننى، تا غەزنە، زابىل ۋە كابىلغا قەدەر بولغان جايلارنى تەسلىم قىلدۇرۇپ قولغا چۈشۈردى. ئۇلارغا ھەر يىل غەزنىنگە ئەۋەتىش ئۈچۈن باج-خىراج بەلگىلەپ بەردى. ئۇلار مۇزەپپەر ۋە غالىپ بولۇپ كېلىپ ئوغۇزغا قېتىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەممىسى بىرلىكتە شىمالدىكى دۆلەتلەرگە قاراپ كۆچۈپ گۈرك ۋە باشقۇرد تەرەپلىرىگە يۈزلەندى. ئالدى [3] دېگەن يۈكسەك بىر قەلئەگە يېتىپ باردى. بۇ يەرنىڭ ھۆكۈمدارى قارا-شىت بىلەن ئۇلۇ باگۇر

---

3.ئۇلۇ باگۇرنىڭ ئىبىن فالداننىڭ كىتاپ بەتلىرىنىڭ چەتلىرىگە يېزىپ قويغان قەيتلىرىدە ۋولگا بۇلغارلىرىنى كۆرستىدىغانلىقىنى يازغان ئىدىم.بال دېگەن سۆز بەش دېگەن مەنىدە.شۇنداق بولغاندا بەلۇغۇر يەنى بەشۇغۇر بولىدۇ.ئۇلۇباغۇر يەنى ئۇلۇغ+بال+ئۇغۇر تەبىرى 10.ئەسىردە ئەرەپلەر<<ئەل بۇلغارۇئۇل ئەزەم>>دەپ ئۇغۇر تەبىرى 10-ئەسىردە ئەرەپلەر "ئەل-بۇلغار ئۇل-ئازام" دەپ قەيت قىلغان بۈيۈك بۇلغار، يەنى ۋولگا بۇلغارلىرى بولسا كېرەك. "بۇلغار" دېگەن ئىسمىنىڭ "بالگۇر" شەكلىدە تەلەپپۇز قىلىنىشى چەركەسلەر ئارىسىدىمۇ كۆرىلىدۇ (قاراڭ: بىن ئال-ئادىم، زۇبدات ھالاف فى تارىخ ئى ھالاب، ئىي، 142-بەت). ئورەنبۇرگنىڭ غەرپ تەرىپىدىكى بىر تاتار يېزىسىنىڭ "بەلاگور" دېگەن ئىسمى بار. بۇنى رۇسچە "بەلاس گورا" دەپ ئىزاھلاش ناھايىتى نورمال كۆرىنىدۇ. لېكىن بۇ يېزىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئابدۇللاھ ب. تايماس بۇ ئىسمىنىڭ رۇسچە بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق دەيدۇ. ياقۇتلاردىمۇ بالاگۇر ۋە بولۇگار شەكىللىرى بار (ئوكلادنىكوۋ، ياقۇتي، موسكۋا، 1955، 356-بەت). بەلكىم بۇلارنىڭ ھازىر بىز ك ئوركۇن نەشرى، ھ1. نام) دەۋاتقان ئىسىم بىلەن بىر مۇناسىۋىتى باردۇر. ئوغۇز داستانىنىڭ ئۇزۇنكۆپرۈ رىۋايىتى دە "بەشوغۇر" قەۋملىرى بولغان قالاچ، قاڭقلىق، قىپچاق، كارلۇك ۋە ئاغاچېرىگە (ئوغۇزلارغا دابر، ئانكارا، 1935 بىردەك "بەشۇيگۇر" دېيىلەتتى دەپ يېزىلغان (ھ. ن. ئوركۇن نەشر، 118-بەت). بۇنىڭغا قارىغاندا، ئوغۇز ئاكا ھىندىستان تەرەپلىرىنى، كاڭلى ۋە ئۇيغۇر ئەللىرىنى پەتىھ قىلغاندىن كېيىن "مەن ئۇيغۇرنىڭ قاغانى بولىمەن دېيىشى ھازىرقى ئافغانىستان ۋە ماۋەرائۇننەھردە جايلاشقان ئۇيغۇر قەۋملىرىنىڭ پادىشاھىمەن دېگەن بولسا كېرەك. بۇ ۋەقەدىن بۇرۇن ئوغۇز خان پەقەتلا ئوغۇزلارنىڭ رەئىسى ئىدى.

4.ھەممە كىشىگە شەپقەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن قېرىلار ۋە چوڭلار ئۇنىڭغا "ئوغۇز ئاكا" دەدى. بۇ يەردە ئوغۇز 4 ئالغان ئىسمىنىڭ شەپقەت دېگەن مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ يەردە "ئوغۇر" سۆزى شەپقەت ۋە مەرھەمەت دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن. "ئوغۇز" سۆزى بولسا تۈركچىدە تۇنجى سۈت دېگەن مەنىدە بولۇپ، شەرق تۈركچىسىدە "ئوغۇز"، تۈركمەن شىۋىلىرىدە "ئاغۇز" دېيىلىدۇ. ئوغۇز خان دەۋرىدىن بۇرۇن "ئوغۇز" ئەمەس، "ئوغۇر" دېگەن شەكلى كۆپ ئىشلىتىلگەنىدەك تۇرىدۇ. بۇرۇن دەپ ئۆتكەنىدەك، پ ۋە س نۇسخىلىرى (توپقاپى سارايى، ئىي. ئاھمەد كۈتۈپھانەسى 2935 نومۇرلۇق نۇسخىسى) دا "ئوغۇر" دەپ يېزىلىشى ئۇنۇتقانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولمىسا كېرەك. ئونوق تەبىرى بولسىمۇ، ئونوغۇز تەبىرلىرى كۆرۈلمەيدۇ. لېكىن ئونوغۇر ۋە بال/بەشوگۇر، بەلوغۇر- بالگۇر تەبىرلىرى پۈتۈن تارىختا، بولۇپمۇ شەرقي ياۋرۇپاغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان قەبىلىلىرىنىڭ ئىسمىلىرىدۇر.

ياغى دەپ ئاتىلاتتى. ئوغۇز ئۇنىڭ قوشۇنىنى يېڭىپ ئۇ تەرەپلەرنى بويسۇندۇردى. بۇ جەرياندا ئوغۇز ھەممە كىشىگە شەپقەت ۋە مېھرىۋانلىق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن قېرىلار ۋە چوڭلار ئۇنىڭغا "ئوغۇز ئاقا" دەپ ئات بەردى4. گۇرك ۋە باشقۇرد سەپىرىگە باشلىغاندا ، توقسان مىڭ ئۆيلۈك ئاھالە ئوغۇزنىڭ ئەتراپىغا توپلانغانلىقى ئۈچۈن بۇلارغا "ئون توققۇز ئوغۇز" دېيىلگەن ئىدى. ئوغۇز "يولدا كىم ئارقىدا قالسا قانۇن بويىچە جازالاندۇرۇلسۇن، ھېچكىم ئارقىدا قالمىسۇن" دەپ پەرمان چىقاردى. بۇلارنىڭ ئىچىدە خېلى ياشانغان قېرىلاردىن تەشكىل تاپقان بىر گۇرۇپپا بار ئىدى. ۋۇجۇتلىرىدا ماغدۇر قالمىغانلىقى ئۈچۈن ئوغۇزنىڭ بۇنداق بۇيرۇقلىرىنى ئورۇنداشقا ئاجىز ئىدى. ئۇلارنىڭ جەڭ قىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئاجىز ۋە زەئىپلىكىنى ئوغۇزغا بىلدۈردى. ئوغۇز "ئۇنداق بولسا، ھەممىڭلار بۇ يەردە قېلىڭلار" دەپ بۇيرۇق بەردى. بۇ يەر ئالمىلىق يېقىنلىرىدىكى ئاق-قايا دېگەن بىر يەر ئىدى. [ئاق-قايا پارسچىدا "ئاق تاغ كېچىدى" دېگەن بولىدۇ]. بۇ قېرىلارنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى قابىلىيەتلىك، ئەقىللىق، تەجرىبىلىك ۋە دۇنيانىڭ ئىسسىق-سوغىقىنى كۆرگەن يۇشى خوجا ئاتلىق بىرىسى بار ئىدى.[ تۈرك تىلىدە قېرى دېمەكتۇر. مۇڭغۇل تىلىدە بولسا قالسانقۇ (بىلگۈتاي ؟) دېيىلىدۇ. تۈركچىدە قېرىلارغا "كوجا" دېيىلىدۇ. چۈنكى "كوجا" سۆزى ئەسلىدە تۈركچىدۇر، پارسچە ياكى ئەرەپچە ئەمەس]. ئۇنىڭ قارا-سۈلۈك ئاتلىق بىر ئوغلى بار ئىدى. ئاتىسى ئوغلىغا: "سىلەر نامەلۇم بىر يولغا كېتىۋاتىسلەر. ئاراڭلاردا دانىشمەن مويسىپىت بىرىسىمۇ يوق. ئەگەر قىيىن ئەھۋالدا قالساڭلار قانداق قىلىسلەر؟ ئەڭ ياخشىسى، مەنىمۇ يېنىڭلارغا ئېلىۋېلىڭلار. كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئىشىڭلارغا ياراپ قالىمەن" دېدى. ئوغلى: "ئەي ئاتا، ئوغۇزنىڭ بۇيرۇقىغا قانداق قارشى چىقالايمەن؟" دېدى. ئاخىرى ئۇنى بىر ساندۇقنىڭ ئىچىگە قويۇپ تۆگىلەرگە يۈكلىدى ۋە بىرلىكتە ئېلىپ كەتتى. گۇرك ۋە باشقۇرد ئېلىگە يېتىپ باردى.5 ئۇلار ناھايىتى زوراۋان ۋە ھىلىگەر بىر قەۋم ئىدى. كىبىر ۋە غورۇرى يۈزىدىن ھېچقانداق ھۆكۈمدارغا باش ئەگمىگەن ئىدى. ئوغۇز قارا-شىت ئاتلىق ھۆكۈمدارىنى تۇتۇۋالدى. گۇرك ۋە باشقۇرد تەسلىم بولدى ۋە باج-خىراج تۆلەشكە رازى بولدى. ئۇ يەردىن يولغا چىققاندىن كېيىن ئالدىغا سۇسىز بىر چۆل چىقتى. شۇنداق سۇسىز بىر يەر ئىدى كى، بىر تامچە گۈلىيېغىغا بىر تامچە سۇ بېرىلمەيتتى. قارا-سۈلۈك ئىنسانلارنىڭ سۇسىز قالغانلىقىنى ئاتىسىغا بىلدۈردى. يۇشى خوجا: "بىر قانچە كالىنىڭ بېشىنى بىر يەرگە باغلاپ ئۇلارنى ئۇسسىغىچە يۈگۈرتىڭلار. ئۇنىڭدىن كېيىن كالىلارنى قويۇپ بېرىڭلار. بۇ كالىلار تۇياقلىرىنى بىر يەرگە ئۇرۇپ قېزىشقا باشلىسا، بۇ شۇ يەردە سۇ بولغانلىقىنىڭ ئىشارىتىدۇر" دېدى. قارا-سۈلۈك بىر يەردە بۇنى تەجرىبە قىلىپ كۆردى، سۇ چىقتى ۋە ئىنسانلار سۇغا قاندى. ئوغۇز بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن قارا-سۈلۈككە نۇرغۇن ئىنئاملار بەردى ۋە ئۇنى پۈتۈن ئۇلۇسنىڭ يۇرتچىسى قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇ يەردىن ئاتىل دەرياسى ئۈستىدىكى ئوق (ئۇرۇق) قىرغان كۆك بۇلۇت (ئوق قىرغان كۆل ياتۇب ؟) دېگەن بىر يەرگە كەلدى. بۇ يەرنىڭ خەلقى ئوغۇزنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئەمدى تۆگەشتۇق دەپ سان ساناقسىز ھايۋان ۋە نەرسىلىرىنى تاشلاپ قاچتى. ئەسكەرلەر دەريا بويىغا كېلىپ سۇغا باقتى كى، سۈپسۈزۈك سۇدا ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن نەرسە-كېرەكلەر، لىگەن، ئىشرىق ۋە قازان كۆرۈنۈپ تۇراتتى. سۇغا كىرىپ بۇلارنى چىقارماقچى بولۇشتى.

[5]ئوغۇز خان گۇرك ۋە باشقۇرد مەملىكىتىگە ئاتلىنىپ ماڭغاندا يېنىدا توقسەن مىڭ ئۆيلۈك ئاھالە توپلاندى دەئەندىن كېيىن، بۇلارنىڭ ئىسمى دەپ تىلغا ئېلىنغان سۆزلەر ھەرخىل ئوقۇلغان: ئونتوقۇر ئوغۇر، ئونتوكۇز ئوغۇز (خافىز ئەبرۇ، باغدات كۆشكۈ نۇسخىسى)، ئونتۇر ئوغۇز، ھا، س ۋە پ نۇسخىلىرىدا ئونتوقرا ئوغۇر (ئوغۇز). كاڭلى ۋە ئۇيغۇرلار ئوغۇز خانىنىڭ كىچىك ئاسىيا سەپىرىنىڭ غەلبىسى ئۈچۈن بەرگەن زىياپەت ئۈچۈن توقسەن مىڭ قوي ۋە توقۇز يۈز بايتال سويلغان ئەھۋال بار. ئۇيغۇرلاردىمۇ "ئونۇيغۇر" ۋە "توققۇزوغۇز" بار. بۇ سىمۋوللۇق سانلار بىربىرىگە باغلىق بولسا كېرەك. ياۋرۇپادا ئونوگۇرلار بىلەن بىللە توقۇرگۇرلارمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ ئىسمىنىڭ "توققۇزوغۇز" دېگەن سۆزنىڭ "لىر" شەكلى ئىكەنلىكىدە شەك يوق.

لېكىن سۇدا كۆرگەنلىرىنىڭ ھېچبىرىنى تاپالماي ھەيران قېلىشتى ۋە قورقتى. قارا-سۇلۇك بۇ ئەھۋالنى ئاتىسىغا ئېيتتى. ئاتىسى ئۇنىڭغا: "سۇنىڭ بويىدا ئېگىزرەك بىر يەر بار مۇ؟" دەپ سورىدى. قارا-سۇلۇك: "بار" دېدى. "سۇنىڭ بويىدا يوغان بىر دەرەخ بار. " ئاتىسى: "ئۇنداقتا سۇدا كۆرۈنگەنلەر دەرەخقە يوشۇرۇپ قويۇلغان نەرسىلەرنىڭ ئەكسى بولۇشى كېرەك". قارا-سۇلۇك بېرىپ دەرەخنى دىققەت بىلەن تەكشۈرۈپ كۆردى ۋە دەرەخقە يوشۇرۇنغان ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى تېپىپ ھەممىسىنى ئوغۇزنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلدى. ئوغۇز بۇ مۇناسىۋەت بىلەن قارا-سۇلۇككە يەنە بىر قېتىم نۇرغۇن ئىنئام بەخش ئەتتى ۋە خېلى كۆپ ئىلتىپات قىلدى. ئوغۇز بۇ ئارىدا: "بىز جاھاننى پەتىھ قىلىش[6] غايىسى بىلەن دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا كېتىۋاتىمىز. خۇجاۋۇر، يەنى ئەسلى ۋەتەن ۋە يۇرتىمىز بولغان تالاس ۋە سايرام ئارقىدا قالدى. ئەگەر دۈشمەن بىزنىڭ يوقلىقىمىزدىن پايدىلىنىپ بۇ يەرلەرنى ئېلىۋالسا، بۇ بىز ئۈچۈن تەلەيسىزلىك، دۈشمەن ئۈچۈن شۆھرەت سەۋەبى بولىدۇ. ئۆسۈمى يۇقىرى مەنپەئەتنى ئۈمىت قىلىپ دەسمايىنى خەجلەشكە [4] ئاساسلىق يۇرتلىرىنى قوغداش ئۈچۈن ئوغۇر قەۋملىرىنى ۋەزىپىلەندۈردى. بولمايدۇ" دېدى. ئوغۇر قەۋملىرى تالاس ۋە ئالمىلىق ۋىلايىتىگە قايتتى ۋە بۇ يۇرتلارنىڭ مۇداپىيەسى ئۈچۈن ئۇ يەرگە يەرلەشتى.

### ئوغۇزنىڭ قىل-باراق بىلەن بولغان ئۇرۇشى

قىل-باراق دۇنيانىڭ قاراڭغۇ تەرىپىدىكى بىر دۆلەت. بۇ قەۋمنىڭ ئەرلىرى قارا، چىرايى سەت بولۇپ ئىتقا ئوخشايدۇ، خوتۇنلىرى بولسا پاكىز ۋە چىرايلىق.ئوغۇز ئۇلارغا يېقىن كەلگەندە توققۇز ئاتلىق ئادەمنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. "نۇرغۇن شەھەر ۋە دۆلەت بىزگە تەسلىم بولۇپ بويسۇندى، باج-خىراج تۆلەشنى قوبۇل قىلدى. ئەگەر سىلەرمۇ بەيئەت قىلىپ باج-خىراج تۆلەشنى قوبۇل قىلىشقا ۋەدە بەرسەڭلار ياخشى، بولمىسا ئۇرۇشقا تەييارلىنىڭلار، بىز دەرھال كېلىمىز" دېدى. ئۇلار ئەلچىلەرگە: "سىلەر توققۇز كىشى، ئەگەر بىزدىن ئىككى كىشى بىلەن ئۇرۇشۇپ يېڭىۋالساڭلار باج-خىراج تۆلەشكە رازى بولىمىز. يېڭىلىپ قالساڭلار بۇ يەردىن كېتىسىلەر" دەپ جاۋاپ بەردى. ئەلچىلەر بۇ شەكىلدە قارىمۇ قارشى ئۇرۇشۇش تەكلىپىنى رەت قىلدى ۋە: "ئەگەر ئۇرۇشماقچى بولساڭلار، بىزدىن ئىككى، سىلەردىن ئىككى كىشى ئۇرۇشسۇن" دېدى. قىل-باراقلىقلارنىڭ مۇنداق ئادىتى بار ئىدى: ئۇرۇش بولىدىغان ۋاقىتتا، ئىككى كۆلنىڭ بىرىسىنى قارا، بىرىسىنى ئاق يىلىم بىلەن تولدۇراتتى. ئۇرۇشۇشتىن بۇرۇن ئاق يىلىم تولدۇرۇلغان كۆلگە قىپيالاڭچ كىرەتتى. بۇ يىلىم ئۇلارنىڭ قىللىرىغا يېپىشىپ قالاتتى. ئۇ كۆلدىن چىققاندىن كېيىن ئاق قۇمدا ئېغىنايتتى. ئۇ يەردىن قارا يىلىم تولدۇرۇلغان كۆلگە كىرەتتى ۋە قارا قۇم ئۈستىدە ئېغىنايتتى. بۇ يىلىم ئۈچ قېتىم ۋۇجۇتلىرىغا يېپىشىپ قۇرىغاندىن كېيىن ھېچقانداق قۇرال-ياراق تەسىر قىلمايتتى. قىل-باراقلىقلاردىن ئۇرۇشۇشقا كىرگەن بۇ ئىككى كىشى مۇشۇنداق قىلغاندىن كېيىن ئوغۇزنىڭ ئىككى ئەلچىسى بىلەن تۇتۇشۇشقا باشلىدى. قۇراللار بىلەن گۆۋدىلىرىگە ئۇرۇلغان زەربىلەر ھېچ تەسىر قىلمىدى. ئاخىرى بۇ ئىككى ئەلچى ئۇلارنىڭ قولىدا ئۆلدى. يەتتە كىشى ئۇ يەردىن قايتىپ كېلىپ ئەھۋالنى ئوغۇزغا مەلۇم قىلدى. ئوغۇز بۇنىڭغا پىسەنت قىلماستىن قىل-باراقلىقلارغا بېرىپ ئۇلار بىلەن ئۇرۇشتى. دۈشمەن غالىپ كەلدى ۋە ئوغۇزنىڭ ئەسكەرلىرىدىن نۇرغۇنى ئۆلتۈرۈلدى، قالغانلىرى تارقىلىپ كەتتى. ئوغۇز بۇ ئىشتە ئۇرۇشنىڭ پايدا بەرمەيدىغانلىقىنى چۈشەندى. قايتتى ۋە چوڭ بىر دەرياغا كەلدى. ئەسكەرنىڭ بىر قىسمى بۇ دەريادىن كېمە ۋە ساللار بىلەن، بىر قىسمى سۇ ئۈزۈپ ئۆتتى. قىل-باراقلىقلار

---

6.بۇ بىر تۈركچە ماقال-تەمسىلنىڭ پارسچە تەرجىمىسى بولسا كېرەك. پەتىھ خىيالى بىلەن ئانا يۇرتىمىزنى پىدا قىلىۋەتمەيلى دېمەكتۇر. بەلكىم ئوغۇزنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئۇيغۇر (ئۇغۇر) ئىدى.

ئىتقا ئوخشاش قىپيالاڭاچ ۋە يالاق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بۇ دەريادىن ئۆتۈشى ئىمكانسىز ئىدى. ئوغۇز "ئىككى سۇ ئارىسى"غا چۈشتى ۋە پەرىشان بولۇپ تارقىلىپ كەتكەن ئەسكەرلىرىنى توپلاش ئۈچۈن ئۇ يەرگە يەرلەشتى. ئوغۇزنىڭ ئادەملىرىدىن بىرىسى تاسادىپەن باراقلىقلار ئارىسىدا قالغان ۋە خوتۇنلار ئارىسىغا يوشۇرۇنغان ئىدى. بۇ خوتۇنلارنىڭ ئەرلىرى پاسكىنا ۋە سەت بولۇپ ئىتقا ئوخشايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدى ۋە ھەممىسى ئۇنىڭ يېنىغا توپلاندى. ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇشنى ئارزۇلىدى ۋە ئۇنى بىر ھەدىيە سۈپىتىدە چوڭلىرى بولغان ئىت-باراقنىڭ خوتۇنىنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ باردى.ئۇ خوتۇن بۇ ئەرنىڭ گەپ-سۆزلىرىنى ۋە مۇئامىلىسىنى ياخشى كۆرۈپ قالدى.چۈنكى ئۇ ئېرى بىلەن مۇناسىۋەتتە بولالمىغانلىقىدىن ئازاپلىنىپ يۈرەتتى ئىت-باراقنىڭ خوتۇنى جىنسىي ئارزۇ ۋە ھاياجانى سەۋەبىدىن ئوغۇز تەرەپكە مايىل بولۇپ يوشۇرۇنچە ئوغۇزغا ئەلچى ئەۋەتتى ۋە "ئەگەر دۈشمەننى يېڭىپ ئەلنى ئالماقچى بولساڭلار تۈتىدىغان يول مۇنداق" دەپ خەۋەر يوللىدى. "تۆمۈردىن تىكەنلىك مىخ ياستىڭلار ۋە ئەسكەرلىرىڭلارنىڭ ھەربىرى بۇ تۆمۈر تىكەنلەردىن بىر قىسمىنى غانجۇغىسىغا باغلىسۇن، ئۇرۇشتا بۇلارنى دۈشمەنىنىڭ ئۈستىگە چاچسۇن. لېكىن ئۆز ئاتلىرىڭلارنىڭ ئاياقلىرىغا بۇ تىكەنلىك تۆمۈر پارچىلىرىدىن زەرەر كۆرمەسلىكى ئۈچۈن مۇۋاپىق تاقىقا ياستىشىڭلار كېرەك. دۈشمەنىنىڭ بۇرۇنلىرى ۋە ۋۇجۇتلىرىنىڭ يان تەرەپلىرى يالىڭاچ ۋە يىلىمسىز بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ يەرلىرىگە ئوق ياغدۇرۇڭلار " . ئوغۇز ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن ناھايىتى سۆيۈندى ۋە مەمنۇن بولدى. بۇ "ئىككى سۇ ئارىسى"نى ئۆزىگە بازا قىلدى. كېمە ياساتتى ۋە كېلىشكەن قاۋۇل ئادەملەردىن تاللاپ ئىت-باراقنىڭ خوتۇنلىرىغا ئارقا-ئارقىدىن ئەلچى ئەۋەتتى. خوتۇنلارنىڭ كۆپ ياردىمىگە ئېرىشكەن بۇ ئەلچىلەر ئوغۇزغا كېرەكلىك پۈتۈن ئەسۋاپ ۋە ماتېرىياللارنى ئاستا ئاستا تەمىنلەپ ھەممىسنى ئوغۇزغا ئەۋەتتى. بەزى خوتۇنلار بۇ ئەرلەرنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار بىلەن بىرلىكتە قايتىپ كەلدى. بۇ يول ئارقىلىق بۇ ئەل بويسۇندۇرۇلدى. ئوغۇز بۇ يەردە ئون يەتتە يىل قېلىپ ئارام ئالدى. ئەسكەرلىرىنى تەرتىپكە سالدى ۋە قۇرال-ياراقلىرىنى يەڭگۈشلىدى. بۇ مۇددەت ئىچىدە باللار ۋە بوۋاقلار يېتىلىپ يىگىت بولدى. ئوغۇزنىڭمۇ بىر خوتۇنىدىن تۆت ئوغلى بولغان ئىدى. ئۇلارمۇ چوڭ بولدى. بۇ ئارىدا ئوغۇزنىڭ ئەسكەرلىرىدىن بىرىسىنىڭ خوتۇنى ھامىلدار بولۇپ، ئېرى ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى. بۇ جەڭ مەيدانىدا ئۇ خوتۇنىنىڭ تۇغىدىغان ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالغان ئىدى. يېقىن ئەتراپىدا ئىچى كاۋاك بولۇپ كەتكەن بىر دەرەخ بار ئىدى. خوتۇن ئۇ دەرەخقە بېرىپ بالىسنى تۇغدى. بالىنى ئوغۇزنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىپ ئەھۋالنى ئۇنىڭغا بايان قىلدى.  ئوغۇز بالىنىڭ ئىسمنى "قىپچاق" دەپ قويدى [قىپچاق قاپۇق سۆزىدىن كېلىپ چىققان. تۈرك تىلىدە ئىچى چىرىگەن ۋە ئويۇلغان دەرەخ دېگەن بولىدۇ. باشقا تۈركلەرنىڭ پىكرى بويىچە، پۈتۈن قىپچاق قەۋملىرى بۇنىڭ نەسلىدىن تۆرەلگەن]. ئوغۇز قىل-باراقنى ئالغاندىن كېيىن يەنە ئىككى يىل ئۇ ئەلدە قالدى. ھەممە ئىش قانۇنلار بىلەن مۇنتىزىم باشقۇرىلىدىغان بولدى. كۆنلەرنىڭ بىرىدە، بۇ چەگرىغا خېلى يېقىن بولغان "قاراڭغۇ ئەل"گە قاراپ يولغا چىقتى.

## ئوغۇزنىڭ قاراڭغۇ ئەلگە قىلغان سەپىرى ۋە ئۇ يەرنىڭ ئەھۋالى

ئوغۇز قارا-خۇلۇن چېگرىسىغا، يەنى قاراڭغۇ ئەلگە بارغاندا قاراڭغۇلۇق تۈپەيلىدىن ئىلگىرىلەش مۇمكىن بولمىدى. ئوغۇز يېقىن ئادەملىرى ۋە ئەقلى بارلار بىلەن مەسلىھەتلەشتى، لېكىن ھېچ مۈشكۈللۈكلىرىنى بىر تەرەپ  پايدىسى بولمىدى. قارا-سۈلۈك قىيىن ئىشلارنى ھەل قىلىپ ئۇلارنىڭ يېنىغا باردى. ئۇچرىغان قىيىن ئەھۋالنى ئېيتتى. ئاتىسى يۈشى خوجا: "تايلىقى  قىلغان ئاتىسىنى بار تۆت بايتال بىلەن تەخىيى بار توققۇز ئىشەك تاللاڭلار ۋە ئادەملەرنى بۇلارغا مىندۈرۈڭلار. بۇ ھايۋانلارنىڭ تايلاق ۋە تەخەيلىرىنى قاراڭغۇ ئەل كىرىدىغان يەرگە باغلاڭلار. ئۇلار قاراڭغۇ يەرگە

كىرسۇن. بارىدىغان يېرىگە بېرىپ قايتىپ كېلىدىغان چاغدا، ئۇ بايتال ۋە ئىشەكلەر تايلاق ۋە تەخەيلىرىنىڭ سۆيگىسى ۋە ھىدى بىلەن، ئادەملەرنى قايتۇرۇپ كېلىدۇ ۋە يولىدىن ھېچ ئازمايدۇ". قارا-سۇلۇك بۇ تەدبىرنى ئوغۇزغا بايان قىلدى ۋە بۇ تەدبىر ئوغۇزغىمۇ ئۇيغۇن كەلدى. ئۇنىڭ ئېيتقىنى بويىچە، قاراڭغۇ چۇشۇپ ئۇچ كۈن ئۇچ كېچە يول يۈردى. بىر چاغدا ئوڭدىن سولدىن شەپىلەر كېلىشكە باشلىدى. "بۇ قاراڭغۇدا يولدا تېپىۋالغان نەرسىنى تېشىغا ئېلىپ چىققانلار پۇشايمان قىلىدۇ، ھېچ نەرسە ئالمىغانلارمۇ پۇشايمان قىلىدۇ. " بارغانلارنىڭ كۆپ قىسمى بىر نەرسە ئالمىدى. بەزىلىرى بىرئاز بىر نەرسىلەر ئېلىۋالدى. بايتاللارنىڭ ياردىمى بىلەن قاراڭغۇدىن يورۇقلۇققا چىققاندىن كېيىن قارىسا، ئېلىۋالغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى گۆھەر ۋە قىممەتلىق تاش ئىكەن. ئاز ئالغانلارمۇ، ھېچ بىر نەرسە ئالمىغانلارمۇ پۇشايمان يېدى.. ئۇ يەردىن قىل-باراق بىلەن ئاتىل ئارىسىدا بىر چۆل -جەزىرە بولغان مەملىكەتكە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار بىلەن ئۇرۇشتى ۋە ھۆكۈمدارى شۇ يەردە ئۆلتۈرۈلدى. ئۇ مەملىكەتنى ئالغاندىن كېيىن ئەلنىڭ تەرتىپ ۋە تۈزۈمىنى، باج-خىراجىنى ۋە قاراۋۇللىرىنى بەلگىلەش ۋە تەيىنلەش ئۈچۈن ئۈچ يىل بۇ يەردە تۇرۇپ قالدى. ئۇ يەردىن ھازار دەربەند تەرەپكە كۆچتى. بۇ دەربەند چېگرىسىغا كەلگەندە، يۇشى خوجا ئوغلى قارا-سۇلۇككە مۇنداق دېدى: "قوشۇنىمىز بىر قېتىم مەغلۇپ بولۇپ تارقىلىپ كەتتى. بۇ خەۋەر دوستقا ۋە دۈشمەنگە يېتىپ باردى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەردىن يۈزچە ئاتلىق ئادەمنى يۇرتىمىزغا ئەۋەتەيلى. ئۇلار بىزنىڭ ساق ئىكەنلىكىمىزنى، پەتىھ ۋە زەپەرلىرىمىزنى ئۆيىمىزگە ۋە يۇرتىمىزغا يەتكۈزسۇن. ئۇرۇق ۋە ئەسكەرلىرىمىز سۆيۈنۈپ مەمنۇن بولسۇن، دۈشمەنلەرمۇ خار، رەزىل-رەسۋا ۋە ئېتىۋارسىز بولسۇن. قولىمىزغا چۈشكەن پۈتۈن غەنىمەتلەرنى ئېلىپ بارسۇنكى داڭقىمىز كۆككە كۆتۈرۈلسۇن." قارا-سۇلۇك بۇ تەكلىپنى ئوغۇزغا مەلۇم قىلدى. ئوغۇزمۇ بۇنىڭ پايدىلىرىنى ئويلاپ بۇ تەكلىپنى ئۇيغۇن كۆردى ۋە قارا-سۇلۇكنى تارتۇقلىدى. ئۆزىنىڭ تونىنى ئۇنىڭغا كەيدۈردى. يۈز قاڭقىلىق ئاتلىق ئەسكەرنى بۇ مۇھىم ئىشقا تەيىنلەپ پۈتۈن غەزىنىلەرنى بېرگەندىن كېيىن قاغىنلار بىلەن ئەۋەتتى.(ھازىرقى زاماندىكى يارلىق ۋە پايزا ئۇسۇلى ئورنىغا) ئوغۇزنىڭ زامانىدا ئىككى ئالتۇن ئۇچلۇق ئوق ۋە يا بار ئىدى. ئوغۇز ئۆزىنىڭ ئىككى ئالتۇن ئۇچلۇق ئوق ۋە ياسىنى ئۆزىنىڭ بىشارىتى سۈپىتىدە ئۇلارغا بەرگەن ئىدى. قاڭقىلىقلار بارغان ھەر ۋىلايەتتە بۇلارنى كۆرسەتكەندە خەلق ئۇلارغا ۋە ئۇلاقلىرىغا يېمەك-ئىچمەك ۋە ھەلەپ بېرىپ تېگىشلىك خىزمەت ۋە ھۆرمەتنى كۆرسەتتى. قاڭقىلىقلارنىڭ بېشىدا بارماقلىق چوسۇن بىللىگ بار ئىدى. ئوغۇز بۇلارغا ئۆيىنى، غەزىنە ۋە سارايىنى ئۆزى قايتىپ بارغانغا قەدەر قوغداشنى بۇيرۇق قىلدى. بۇلارنى يۇرتىغا ئەۋەتكەندىن كېيىن ئوغۇز يەنە يەتتە كۈن تۇرۇپ قالدى ۋە ئۇ يەردىن كۆچۈپ دەربەندكە قاراپ ئاتلاندى. بۇ يەرنىڭ ئاھالىسى ئوغرى ۋە قاراقچى ئىدى. يول ئۆتكەللىرىنى تۇتۇپ يولۇچىلارنى توسۇۋالاتتى. ئوغۇزنىڭ ئەسكەرلىرىدىن كۆپ قىسمىنىڭ ئاتلىرىنى ئوغۇرلاپ كەتتى. ئوغۇز قارا-سۇلۇكنى چاقىرىپ مۇنداق بۇيرۇق قىلدى: "بۇ يەر تار ۋە خېلى تىك بىر ئۆتكەل. بىزنى بۇ يەرگە سەن ئېلىپ كەلدىڭ. بۇ يەردە ئوغرىلارمۇ كۆپ، ئۇلارغا قارشى قانداق تەدبىر ئالايلى؟ بۇ يەرنىڭ بىر تەرىپىدە دېڭىز، يەنە بىر تەرىپىدە تىك قىيالىق تاغلار بار ".قارا-سۇلۇك قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئاتىسىدىن سورىدى. مويسىپىت ئادەم: "بۇ دەربەند ۋىلايىتىنىڭ ھەر تەرىپىدىكى زىرائەت ۋە ئېكىنزارلىقلارنى پۈتۈنلەي دەسسەپ چەيلىۋېتىش كېرەك. بۇ ۋىلايەت ناھايىتى تار بىر يەر، بىر تەرىپى دېڭىز، بىر تەرىپى تاغ بولغانلىقى ئۈچۈن پۈتۈن ھەرىكەت بۇ شەھەرنىڭ ئەتراپىدا بولۇشى كېرەك. ۋىلايەت خەلقى ئاجىز قېلىپ مەجبۇريي ھالدا بويسۇنسۇن" دېدى. قارا-سۇلۇك بۇنى ئۆز پېتى ئوغۇزغا مەلۇم قىلدى. ئوغۇزمۇ ئۇنىڭ دېگىنىنى قوبۇل قىلىپ ئۇلارنىڭ ۋىلايەتلىرىنى ھەر تەرەپتىن دەسسەپ چەيلەپ تالان قىلدى. ياز ئايلىرىدىن كېيىنكى ئەتىيازغىچە شۇ يەردە تۇرۇپ دەربەندنى مۇھاسىرىگە ئالدى. دەربەند خەلقى بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن چارىسىز قېلىپ پەرىشان بولدى. يىغلىپ

بىربىرى بىلەن مەسلەھەتلەشتىلەر. ئوغۇزنىڭ يېقىن ئەتراپتىكى شەھەرلەرنى ئىستىلا قىلغانلىقى ئايان ئىدى. خېلى قۇدرەتلىك بولغان قىل-باراقنىڭ بېشىغا كەلگەن پالاكەتلەرنىمۇ ئاڭلىغان ئىدى. سەككىز ئاي داۋاملاشقان مۇھاسىرەدىن كېيىن ھەممىسى بىرلىكتە سۈلھى تەلەپ قىلىش ئۈچۈن ئوغۇزنىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى. ئۇنىڭغا سوغاتلىق ئۈچۈن توققۇز بوز ئات ئېلىپ كەلدى ۋە بەيئەت قىلدى. ئوغۇز كەلگەنلەرنى كۆرگەندىن كېيىن: ”ئۇلاردىن سوراڭلار: بىز بۇ يەرگە كەلگىلى خېلى بولدى. نېمە ئۈچۈن يېنىمىزغا كەلمىدىڭلار ۋە جاھىللىق قىلىپ ئىسيان يولىغا كىردىڭلار“ دېدى. ئۇلار جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېدى: “بىزنىڭ ئارىمىزدا ئەقىللىقلار بولغانغا ئوخشاش، ئەقىلسىزلارمۇ بار. بىز ھازىرغا قەدەر بۇ ئەقىلسىزلارنىڭ ئاغزىغا قاراپ ھۇزۇرىڭىزغا كەلمىدۇق. ياخشى قىلمىغانلىقىمىزنىمۇ بىلەتتۇق. ھازىر ئەقىللىق كىشىلەر بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتتى ۋە بىزگە نەسىھەت بەردى. شۇنداق قانداق قىلىشىمىز كېرەكلىكى ئايدىڭلاشتى. بويسۇنۇش كېرەكلىكىنى چۈشەندۇق ۋە ساڭا قۇللۇق بىلدۈرۈش ئۈچۈن كەلدۇق.” ئوغۇز: “قىلمىشىڭلارنى ئېتىراپ قىلغاندىن كېيىن، مەنمۇ سىلەرنىڭ گۇناھىڭلاردىن كەچتىم. لېكىن ئوغرىلار مېنىڭ ئىككى تېيىمنى ئېلىپ كەتتى. بۇلارنىڭ بىرىئىراق-قۇلا. ئىراق-قۇلا ئارىقلى (ئازقىللى؟)غا ئوخشايدىغان بىر ئات. يەنە بىرىنىڭ ئىسمى سۈت-ئاقتۇر. ئۇمۇ سۈت-قۇلاغا ئوخشاش ئاپپاق بىر ئات. بۇ ئات قاشقا بولۇپ ناھايىتى چىرايلىق. گەرچە گۇناھىڭلاردىن كەچتىم، بىراق تەرىپىنى قىلغان بۇ ئىككى ئاتنى ماڭا ئېلىپ كەلمىسەڭلار، ھېچبىرىڭلارنى تىرىك قويمايمەن“ دېدى. بۇلار ئوغۇرلاپ كېتىلگەن ئاتلارنىڭ ھەممىسىنى تاپتى، ئەمما تەرىپى بېرىلگەن ئىككى ئاتنى ھېچبىر يەردە تاپالمىدى. ئوغۇزنىڭ كۆڭلى بۇ ئىككى ئاتقا باغلانغان بولغاچقا بۇ ھەقتە كۆپ پۈت تىرەپ تۇرۇۋالدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار مۆھلەت تەلەپ قىلدى. ئوغۇز يەنە بىر ئاي شۇ يەردە تۇرۇپ قالدى. بۇ ئاتلارنى تېپىپ كېلىش ئۈچۈن مەملىكەتنىڭ ھەر تەرىپىگە ئادەم ئەۋەتتى. ئاخىرى ئاتلارنى تېپىپ ئوغۇزنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئوغۇز ئۆز ئاتلىرىنى كۆرۈپ سۆيۈندى. ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ كۆڭلىنى ئالدى. خەلقنى قوغداش ۋە باج توپلاش ئۈچۈن ئۇ يەرگە بىر باجگىر تەيىنلەپ شىرۋان ۋە شاماھىغا قاراپ يولغا چىقتى. ئوغۇز دەربەند ۋىلايىتىدىكى ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن شىرۋان ۋە شاماھىغا ئەلچى ئەۋەتىپ: ”بۇ يەرگە كەلگەنلىكىمىزنى بەلكىم ئاڭلىغانسىلەر. قەدىمىمىز يەتكەن ھەر ئەل، بىز نېمە دېگەن بولساق، شۇنى قىلدى. بىز بېسىپ ئۆتكەن يەرلەردە ئىشغال قىلىنمىغان بىر دۆلەت، باش ئەگمىگەن ۋە ئىتائەت قىلمىغان بىر ھۆكۈمدار قالمىدى. ئەگەر ھازىر ئۆزەڭلار خالاپ بىزگە بەيئەت قىلساڭلار، جاۋاپ قايتۇرۇپ قۇللۇق بىلدۈرۈشۈڭلار كېرەك. ئۇنداق قىلماي، جاھىللىق قىلىپ قارشى تۇرىمىز دېسەڭلار، ئۇرۇشقا تەييارلىنىڭلار. بىزمۇ بۇ ئەلچىلەرنىڭ ئارقىسىدىن دەرھال كېلىمىز“ دەپ خەۋەر بەردى. بۇ خەۋەر ئۇلارغا يەتكەندىن كېيىن، ئوغۇزنىڭ ئەلچىسىگە تېگىشلىك ھەر تۈرلۈك ھۆرمەتنى كۆرسەتتى. ئىتائەت ۋە قۇللۇق بىلدۈرۈش ئۈچۈن سوغاتلىققا توققۇز بوز ئات ئەۋەتتى. ئۆزلىرى ئوغۇزنى قارشى ئېلىپ كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن شەھەردىن چىقتى. ئوغۇزنى كۆرگەندە لايىغىدا ھۆرمەت كۆرسەتتى. ئوغۇز شاماھىغا بارغاندىن كېيىن شۇ يەردە ئون تۆت كۈن تۇرۇپ قالدى. شۇ كۈنلەردە شابەران ئاھالىسى باج-خىراجنى ئېلىپ كېلىپ غەزنىگە تاپشۇرۇپ بەردى. لېكىن شاماھى ئاھالىسى باج-خىراج تۆلەشنى كېچىكتۈرۈپ قويىدى. ئەھدىسىدىن يېنىپ قايتىدىن خۇسۇمەت يولىغا كىردى ۋە قارشى چىققىلى تۇردى. ئوغۇز ھەممە كىشىگە بىر قۇچاق ئوتۇن ئېلىپ كېلىپ شاماھى دەرۋازىسىغا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىغا دۆۋىلەش ھەققىدە بۇيرۇق بەردى. پۈتۈن ئەسكەر بېرىپ بىر قۇچاق ئوتۇن ئېلىپ كېلىپ دۆۋىلىدى ۋە ياقتى. دەرۋازا ۋە سېپىللەر دەھشەتلىك ھالدا لاۋۇلداپ كۆيدى. ئۇرۇش قىلىپ شەھەرنى ئالدى ۋە تالان قىلدى. بۇ بۇلاڭ-تالاڭدا شاماھىلىقلارنىڭ خوتۇن ۋە بالا-چاقىلىرىنىمۇ ئېلىپ كەتتى. ئۇلار قىلمىشىدىن پۇشايمان قىلىپ شەھەرنىڭ چوڭلىرى قايتىدىن ئوغۇزنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ ئەپۇ سورىدى. باج-خىراجلارنى تۆلەپ

دۈشمەنلىك ۋە جاھىللىق قىلماسلىق شەرتى بىلەن خوتۇن ۋە بالا-چاقىلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىش ھەققىدە قارار قىلدى. لېكىن ئوغۇز ئۇلارنىڭ چارىسىز ۋە پەرىشان ھالىنى كۆرگەندەن كېيىن رەھىم قىلىپ خوتۇن ۋە بالا-چاقىلىرىنى قايتۇرۇپ بەردى. باج-خىراج ئالدى، باجگىر تەيىنلىدى ۋە ئۇ يەردىن ئارران ۋە مۇگان تەرەپلىرىگە قاراپ يولغا چىقتى.

## ئوغۇزنىڭ ئارران ۋە مۇگان تەرەپلەردىكى پائالىيىتى

ئوغۇز شىرۋان تەرەپلىرىدىن يولغا چىقىپ ئارران ۋە مۇگانغا كەلگەن ۋاقىتتا مەۋسۇم ياز بولۇپ ئالغان ئىدى. ھاۋا ناھايىتى ئىسسىق بولۇپ، بۇ ئىسسىقتا ئۇ يەردە تۇرۇش مۇمكىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن، مەسلەھەتلىشىپ يايلىقى بار تاغلارغا كەتتى. قىش كەلگەندە قايتىدىن تاغدىن چۈشۈپ بۇ ۋىلايەتلەرنى ئالىمىز ۋە تالان قىلىمىز دېيىشتى.  ياز ئايلىرىدا بۇ ۋىلايەتلەرنىڭ پۈتۈن يايلاق ۋە تاغلىق رايونلىرىنى، سەبەلان تاغلىرى، ئالاتاق ۋە ئاغدىبۆرى تاغلىرىغا قەدەر ئىشغال قىلدى. (رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئالاتاق ئىسمىنى شۇلار قويغان ئىكەن. سەبەلان دېگەن ئىسمىنىمۇ شۇلار بەرگەن ئىكەن. تۈركچەدە ئوتتۇرىدا چوقچىيىپ تۇرغان نەرسىگە سەبەلان دەيدۇ). يايلاقتا تۇرغان مۇددەت بويىچە، بۇ تەرەپلەردىكى پۈتۈن دۆلەتلەرنى بېسىۋالدى. ئەزەربەيجان ۋىلايىتىنىمۇ ئالدى. ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ئاتلىرىنى ئوتلاقلىرى ناھىيىتى كەڭرى ۋە گۈزەل بولغان ئۈچان سەھرالىرىدا باقتى. ئۇ يەردىكى ۋاقتىدا، بىر كۈن ھەممە كىشى توپلىنىپ بىرەر ئېتەك توپا ئەكىلىپ بۇ يەردە بىر تۆپە ھاسىل قىلسۇن دەپ بۇيرۇق قىلدى. ئالدى بىلەن ئۆزى بىر ئېتەك توپا ئەكىلىپ تۆكتى. ئۇ ئۆزى توپا ئەكىلىپ تۆككەنلىكى ئۈچۈن، پۈتۈن ئەسكەرمۇ بىرەر ئېتەك توپا ئەكىلىپ تۆكتى. بۈيۈك بىر تۆپە ھاسىل بولدى. بۇ تۆپىگە ئەزەربەينان دەپ ئىسىم بەردى. ( ئەزەر، تۈركچىدە يۈكسەك دېمەكتۇر. "باينان" بايلارنىڭ، ئۇلۇغلارنىڭ يېرى مەنىسىدە. بۇ دۆلەت مۇشۇنىڭ بىلەن مەشھۇر بولدى. بۈگۈنمۇ ئەزەربەيجان دېيىشنىڭ سەۋەبى مۇشۇ). ئۇ ياز پەسلىدە ئوغۇز ئالاتاغ (ئالاتاق)دا تۇردى. ئۇ يەردىن باغدات، گىرۇزىيە، دىياربەكرى ۋە راققا تەرەپلىرىگە ئەلچى ئەۋەتىپ "كېلىمەن" دەپ خەۋەر بەردى. كېلىدىغانلىقىدىن ۋاقىپ بولۇپ بۇنىڭغا قانداق جاۋاپ قايتۇرىدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولدى. ئەگەر باش ئېگىپ بەيئەت قىلسا ۋە باج-خىراجىنى ھەر يىل مۇنتىزىم ھالدا غەزىنىگە ئەكىلىپ بەرسە ياخشى، ئۇ ھالدا ئۇ يەرگە ئەسكەر يوللىمايتتى. ئەگەر ئوغۇزنىڭ پىكرىگە مۇۋاپىق جاۋاپ بەرمىسە، ئۇلارنى باش ئەگدۈرۈش ئۈچۈن ئاتلىنىپ يولغا چىقماقچى ئىدى. ئەلچىلەرنى بۇ تەرەپلەرگە ئەۋەتىۋەتكەندىن كېيىن، قىشتا ئارران ۋە مۇگان تەرەپلىرىگە كەلدى. كۈر ۋە ئاراس دەرياسىنىڭ ئارىسىنى يۇرت ۋە قارارگاھ قىلىپ تاللاپ قىشنى شۇ يەردە ئۆتكۈزدى. ئۇ دىيارنىڭ پۈتۈن خەلقىنى بەيئەت قىلدۇردى ۋە باش ئەگمىگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى. باھار كەلگەندىن كېيىن، ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمدار ۋە سۇلتانلىرىغا ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەر قايتىپ كەلدى. دىياربەكرى، راققا ۋە باغداتقا كەتكەن ئەلچىلەر، بۇ تەرەپلەردىكى ھۆكۈمدار ۋە مۆتىۋەرلەرنىڭ ئوغۇزنىڭ ئارران تەرىپىگە كېتىپ قىلىشنى بېشىغا كەلگەن قىيىنچىلىقلار تۈپەيلىدىن قايتىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىپ ئەلچىلەرگە "ئوغۇز ئالدى بىلەن بىر كەلسۇن، ئۇرۇشىمىزمۇ ياكى بەيئەت قىلىمىزمۇ، شۇ ۋاقىتتا جاۋاپ بېرىمىز" دېگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. گىرۇزىيە ئەلچىلەرگە "بىز ئۇرۇشقا تەييارمىز، ئۇرۇشىمىز" دەپ جاۋاپ بەرگەن ئىدى. ئوغۇز گىرۇزىنلەرگە ئالدىن ئادەم ئەۋەتىپ: "دەرھال سىلەرگە كېلىشىم كېرەك، ھەممىڭلار ئاگاھ ۋە خەۋەردار بولۇڭلار، كېيىن ئوغۇز ئۇشتۇمتۇت غەپلەتلىك بىر پەيتىمىزدە خەۋەر بەرمەستىن ئۈستىمىزگە كەلدى دېمەڭلار. جەڭ مەيدانىنى ئۆزەڭلار بەلگىلەڭلار ۋە تەييار تۇرۇڭلار، بىز كېلىمىز" دەپ خەۋەر بەردى. ئەتىياز كېلىپ ئاتلار سەمىرىۋالغاندىن كېيىن ئوغۇز گىرۇزىيەگە قاراپ ھەرىكەت قىلدى. گىرۇزىيەگە يېقىنلاپ بارغاندا، گىرۇزىنلەر ئۈچ-تۆت كۈنلۈك يولغا قەدەر كېلىپ ئۇرۇشقا تەييارلىنىپ تۇرغان

ئىككى كۈن ئىدى. دەرھال سەپ تۈزۈپ جەڭ قىلىشقا باشلىدى. ئوغۇزنىڭ قوشۇنى غەلبە قىلدى ۋە ئىككى كىچە داۋاملاشقان ئۇرۇشتىن كېيىن ئۇلارنى چېكىندۈردى. گرۇزىنلەر يەنە بىر قېتىم توپلىنىپ جەڭ قىلىشقا ئۇرۇندى، لېكىن بەرداشلىق بېرەلمەي قېچىپ كەتتى. گرۇزىنلەرنىڭ مۆتىۋەرلىرى ئوغۇزنىڭ قوشۇنىغا قارشى تۇرالمايدىغانلىقىنى چۈشەنگەندىن كېيىن ئوغۇزنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ بەيئەت قىلدى. ئەتراپقا مەكتۇپ ۋە پەرمان ئەۋەتىپ قورقۇپ تارقىلىپ كەتكەن ئاھالىنى توپلاشنى تەۋسىيە قىلدى ۋە باج-خىراج تۆلەشكە رازى بولدى. ئوغۇز بىر ئاي ئون بەش كۈن گرۇزىيىدە تۇرۇپ قالدى. كېيىنكى ياز پەسلىدە ئالاتاغقا چىقتى. ئالاتاغدا بىر قانچە كۈن قالدى ۋە بۇ ئارىدا گرۇزىنلەرنىڭ باج تۆلىمەي ئوغۇزنىڭ باجگىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ دۈشمەن بولغانلىقى توغۇرلۇق خەۋەر كەلدى. ئوغۇز بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئالتە ئوغلىنى چاقىردى ۋە ئۇلارغا مۇنداق دېدى: ”مەن بۇ قەۋم (گرۇزىنلەر)نى سىناپ كۆردۈم ۋە ئۇلارنىڭ قانداق نىيەتتە ئىكەنلىكىنى ياخشى چۈشەندىم. ئۇلار بىر ھۇجۇمدىن ئارتۇقىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. ئۇلارغا قارشى چوڭ قوشۇن ئەۋەتىشكە ۋە مېنىڭ بېرىشىمغا كېرەك يوق“. ئوغۇز ھەر بىر ئوغلىغا ئىككى يۈزدىن ئەسكەر بېرىپ جەڭگە ئەۋەتتى. گرۇزىنلەر ئوغۇزنىڭ ئوغۇللىرى كەلگەندە ئۇرۇشقان بولسىمۇ، ئوغۇزنىڭ ئوغۇللىرى ئۇلارنى يېڭىپ تالان-تاراج قىلدى. ئارقىدىن ئاتىسى ئوغۇزدىن ئەلچى كەلدى. ئەلچى ئوغۇزدىن پۈتۈن ئەسكەرنىڭ يېمەك ۋە كىيىم-كېچەكنى بۇ ياز گرۇزىنلەردىن توپلاش كېرەكلىكى ھەققىدە بىر پەرمان ئەكەلدى. بۇ خەۋەر ئۇلارغا يەتكەندە، بۇلاڭ-تالاڭنى كۈچەيتتى. ھەددى ھېساپسىز مىقتاردا يېمەك توپلاپ ئاتىسىغا ئەكەلدى. شۇنداقلا، باجگىر تەيىنلەپ باج-خىراج مىقتارىنى بەلگىلىدى ۋە ئالاتاغقا قايتىپ كەلدى. ئۇلار ياخشى ئىشلارنى قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئوغۇز ئۇلارنى تەغدىرلىدى ۋە “مەن ھايات ۋاقتىمدا سىلەر قىلغان بۈيۈك ۋە پايدىلىق ئىشلار، ئاتاق چىقىرىشڭلار، مەن ئۆلگەندىن كېيىن ئورنۇمغا ئۆتۈشكە لايىق ئىكەنلىكڭلارنى كۆرسەتتى“ دېدى. ئارقىدىن ئەلچى ئەۋەتىپ پۈتۈن قىشلاقلاردىكى ئەسكەرلەرگە توپلىنىپ كۈردىستانغا قاراپ يولغا چىقىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى.

## ئوغۇزنىڭ كۈردىستان يولى ئارقىلىق دىياربەكرى ۋە شامغا قاراپ ئاتلى

ئوغۇز ئەسكەرلىرىنى چاقىرىپ توپلىغاندىن كېيىن كۈردىستانغا قاراپ يولغا چىقتى ۋە كۈردىستان تاغلىرىدا ئۈچ يىل تۇرۇپ قالدى. بۇ تاغلارنى يامان كىشىلەردىن تازىلاپ ئۇلارنىڭ مال-بىساتىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى. شەھەر خەلقى ۋە سەھرادا ياشايدىغان ئاھالىنى ئۆزىگە تارتىپ ئۇلارغا باج-خىراج بەلگىلەپ بەردى. ئۇ يەردىن دىياربەكرى تەرەپلىرىگە كەلدى. بۇ ئەللەردىن ئەربىل، مۇسۇل ۋە باغداتنىڭ مويسىپىت-مۆتىۋەرلىرى ئوغۇزنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ بەيئەت قىلدى. ئوغۇزغا ئارماغان ۋە سوغاتلار ئېلىپ كەلدى. بۇ قىش پەسلىدە دىجلە دەرياسى بويىدا قىشنى ئۆتكۈزدى. باھار كەلگەندىن كېيىن شامغا قاراپ يولغا چىقتى ۋە ئالتە ئوغلىنى ئاۋانگارت ئەترەت قىلىپ ئالدىن ئەۋەتتى. ئۆزىمۇ بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئاتلاندى. ئوغۇللىرى راققاغا كەلگەندە، شەھەرنىڭ پۈتۈن مۆتىۋەرلىرى بۇلارنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن شەھەردىن چىقتى. ئوغۇزنىڭ ئوغۇللىرى ئاتىسى ئارقىسىدىن كېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن بۇلارنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. ئۇلار ئوغۇزنىڭ ئالدىغا باردى. ئوغۇز ئۇلارنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئالدى. بىر باجگىر تەيىنلەپ ئۇلارنى شەھەرلىرىگە قايتۇرىۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئوغۇز شام ئېلىنىڭ قايەرىگە بارغان بولسا، خەلق پۈتۈنلەي ئۆز ئىختىيارى بىلەن كېلىپ بەيئەت قىلدى. پەقەت، تۈركلەرنىڭ باتاق شەھەر دەپ ئاتىغان ئۈچ يۈز دەرۋازىسى بار ئانتاكيا شەھرى جاھىللىق بىلەن قارشى چىقىپ تۇرىۋالدى. ئاخىرى ئۇلار بىلەن بىر يىل جەڭ قىلدى ۋە بىر يىلدىن كېيىن شەھەرنى ئالدى. ئوغۇز شەھەرگە باردى ۋە بىر ئالتۇن تەخت قويۇپ ئۈستىگە ئولتۇردى. يىپىندىكى توقسان مىڭ ئەسكەرنىڭ ھەممىسىنى خوتۇن ۋە بالا-چاقىلىرى بىلەن بىرلىكتە

شەھەرگە ئېلىپ باردى ۋە شۇ يەردە تۇرۇپ قالدى. كېيىن دەمەشىق ۋە مىسىرغا ئۆزىنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلىش ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتتى. ھەر بىر ئەلچىگە يۈز ئادەمنى قوشۇپ بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇز ئۆز قوشۇنىدىكى ھەر بىر قىسىمدىن يۈز كىشىنى ئاجرىتىپ بۇلارنى ئالتە ئوغلى بىلەن بىرلىكتە تەكۇر خانغا ئەۋەتتى ( كى بىز بۇگۇن ئۇنىڭغا تەكفۇر دەيمىز). ئوغۇزنىڭ ئوغۇللىرى ئۇ يەرگە يېقىنلاشقاندا، تەكۇر ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ بېقىش ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتى بويىچە، ئەلچى بولۇپ كەلگەن كىشىگە چېقىلىشقا بولمايتتى. ئوغۇزنىڭ ئوغۇللىرى تەكفۇردىن كەلگەن ئەلچىلەرنى كۆرۈپ ئۇلار بىلەن سۆزلەشتى.ئۇلار قايتىدىغان چاغدا، ئۆزىنىڭ ئەلچىلىرىنىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە تەكۇرگە ئەۋەتتى ۋە مۇنداق دەپ خەۋەر بەردى: ”ئاتىمىز ئوغۇز بىزنى توققۇز مىڭ ئەسكەر بىلەن ئالدىن ئەۋەتتى. ئۇ ئۆزى چوڭ قوشۇن بىلەن بىرلىكتە كېلىۋاتىدۇ. ئەگەر بەيئەت قىلىپ باج-خىراج تۆلەشنى قوبۇل قىلساڭلار ۋە بۇنى ھەر يىل غەزنىگە ئەۋەتىپ بەرسەڭلار سىلەرگە ھۇجۇم قىلمايمىز، ئەگەر ئۇرۇشىمىز دېسەڭلار، ئۆزەڭلار بىر يەر تاللاڭلار ۋە جەڭ ئۈچۈن شۇ يەرگە كېلىڭلار “. بۇ ئالتە بالىنىڭ ئەڭ چوڭىنىڭ ئىسمى كۈن، يەنى ئافتاب، ئىككىنچىسىنىڭ ئىسمى ئاي، يەنى ماھ، ئۈچۈنچىسىنىڭ ئىسمى يۇلتۇز، يەنى ستارە، تۆتىنچىسىنىڭ ئىسمى كۆك، يەنى ئاسمان، بەشىنچىسىنىڭ ئىسمى تاغ، يەنى كوھ ۋە ئالتىنچىسىنىڭ ئىسمى تەڭىز، يەنى دەريادۇر. بۇ ئوغۇللارنىڭ ئەلچىلىرى تەكفۇرنىڭ يېنىغا بارغاندا، تەكفۇر ”ئەتە پالان يەردە ئۇرۇشايلى“ دېدى. ئەتىسى شۇ يەرگە بېرىپ ئۇرۇش قىلدى ۋە تەكفۇرنى يېڭىۋالدى. تەكفۇرنىڭ ئەسكەرلىرىدىن نۇرغۇن ئادەم ئۆلتۈرۈلدى. ئۇلارنى ئىككى كۈن ئىككى كېچە تەكفۇرنىڭ شەھىرى ۋە ئېلىگە قەدەر قوغلاپ باردى. بۇ شەھەرنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، شەھەر ئاھالىسى ئۆز ئارىسىدا كېلىشىپ تەكفۇرنى تۇتۇپ ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بەردى. ئۇلار تەكفۇرنى يەتمىش كىشى بىلەن بىرلىكتە ئانتاكياغا ئوغۇز ئاقانىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. پايتەختى ۋە پۈتۈن مەملىكىتىنى قولغا چۈشۈردى. لېكىن تالان-تاراج قىلىشقا ۋە خەلقنى ئۆلتۈرۈشكە يول قويمىدى. ئوغۇزنىڭ ئوغۇللىرى شەھەرنىڭ تېشىغا چۈشتى ۋە شۇ يەردە تۇردى. ئاتىسى ئوغۇزغا ئەلچىلەر ئارقىلىق مۇنداق دەپ خەۋەر يەتكۈزدى: ”ئەگەر تەكفۇرنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىڭىز بولسا، بىزگە بۇيرۇق بېرىڭ، بۇ ئەلنى تالان-تاراج قىلىپ مال دۇنيا ئەۋەتەيلى. بىزگە بىر ئىشارەت بەرسىڭىز كۇپايە. ئەگەر ئەپۇ قىلىپ گۇناھ ۋە قىنىدىن كېچەمەن دېسىڭىز، ئۇنى ئۆز دۆلىتىگە ئەۋەتىڭ. ھۆكۈمدارلىقنى ئۇنىڭغا بېرىشنى خالىسىڭىز، مال ۋە غەزنە بېجىنى بەلگىلەپ ئۇنى قايتۇرىۋېتىڭ. بۇنىڭ بىلەن بىز خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىمىزگە قارىتىۋالىمىز ۋە قۇللۇقنى بىلدۈرىمىز “. بۇ ئەلچىلەر تەكفۇرنى ئوغۇزنىڭ ئالدىغا ئەكەلگەندە ئوغۇز ئۇنىڭغا جەڭنىڭ قانداق بولغانلىقىنى، ئۆزى بىلەن ئوغۇللىرى ئوتتۇرىسىدا قانداق ئەھۋال يۈز بەرگەنلىكىنى قايتىدىن سورىدى. تەكفۇر بولغان ئەھۋالنى، يەنى جەڭنى، ئۆزىنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ يېڭىلگەنلىكىنى، ئوغۇزنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئۇلارنى پايتەختكىچە قوغلاپ بارغانلىقىنى، پايتەختتىكى مۆتىۋەرلەرنىڭ ئۆزارا كېلىشىۋېلىپ تەكفۇرنى تۇتۇپ بەرگەنلىكىنى بېشىدىن ئاخىرىغىچە تەپسىلى ئېيتىپ بەردى. تەكفۇر گېپىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئوغۇز ئۇنىڭغا ئوغۇللىرىنىڭ خەلقنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلغان-قىلمىغانلىقىنى سورىدى. تەكفۇر ئۇلارنىڭ بۇلاڭ-تالاڭ قىلغانلىقىنى كۆرمىگەنلىكىنى ئېيتىپ: ”ماڭا مەلۇمكى، مەن ئۇ يەردىكى چاغدا بۇلاڭ-تالاڭ قىلمىدى، ئۆزلىرى شەھەرنىڭ سىرتىدا سەھرادا تۇردى“ دېدى. ئوغۇز ئوغۇللىرىغا شەھەرلەرنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلماسلىق ھەققىدە كۆپ تاپىلاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، بۇ كۆككە قارىدى ۋە ئوغۇللىرىنىڭ ئەھۋالدىن كۆپ سۆيۈندى. قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ[75]

[7]كۆكسىگە قويۇپ تۆۋەنگە چۈشۈرۈش تۈركلەرنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى دۇئا قىلىش شەكلى بولغان. بالباللاردىمۇ بۇ ئەھۋال ئېنىق كۆرىلىدۇ.

سۆزىدىن چىقمىغانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ ئورنىغا دەسسەش قابىلىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكى ئۈچۈن تەڭرىگە شۈكۈر قىلدى. ئوغۇز بۇلارنى ئاڭلاپ خۇش بولغاندىن كېيىن تەكفۇرغا مۇنداق دېدى: ”سەن بۇرۇن ماڭا ئىتائەت قىلماي قارشى چىققان، ھەتتا ئۇرۇش قىلغان بولساڭمۇ، مەن گۇناھىڭنى كەچۈرىمەن. سېنى ئۆز دۆلىتىڭگە قايتۇرىمەن ۋە سەلتەنەتنى ساڭا بېرىمەن. بۇنىڭدىن كېيىن، بىۋاستە ۋە سەمىمى ھالدا ئىتائەت قىلغايسىلەر. ھەر يىل مەن تۇرغان يەرگە غەزىنە ۋە مال يەتكۈزۈپ بەرگەيسىلەر“ تەكفۇر بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بېشىنى يەرگە قويىدى، قۇللۇق شەرتلىرىنى ۋە دۇئانى بەجا كەلتۈرۈپ: ”پۈتۈن دۆلەتلەر ۋە مەملىكەتلەر سېنىڭ بۇيرۇقىڭ ۋە ھاكىمىيىتىڭ ئاستىدا. ماڭغا ئوخشاش ۋە مېنىڭدىن ياخشى مىليونلىغان كىشى سېنىڭ قول ئاستىڭغا كىرگەن. سېنىڭ ھاكىمىيىتىڭگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ماڭغا ئوخشاشلارنىڭ قۇربى ۋە يېرى يوقتۇر. نېمە دەپ بۇيرۇق قىلساڭ، ئىتائەت قىلىمەن ۋە باش ئېگىمەن. ئەگەر ئوغۇز، ماڭا رەھىم قىلىپ گۇناھىمنى كەچۈرسىڭىز، قۇللۇق قىلىپ ھەر يىل مال ۋە غەزىنە ئەۋەتىمەن. قۇللۇقتا، ئىنشاللاھ، ھېچ خاتا قىلمايمەن“ دېدى. ئوغۇز بۇ مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن، تەكفۇردىن رۇم ۋە پەرەڭ دۆلەتلىرىنىڭ ئەھۋالىنى، ئەسكەرلىرى ۋە بۇلارنىڭ تۇرغان يەرلىرىنى، بۇ دۆلەتلەرگە ئەسكەر ئەۋەتكەن تەقدىردە، ئۇ يەرنى قانداق قىلىپ قولغا چۈشۈرەلەيدىغانلىقىنى سورىدى. تەكفۇر مۇنداق دېدى: ”پەرەڭ دۆلىتىنى ئېلىشنىڭ يولى مۇنداق. ئوغۇز، بۇ يەردىن ئەلچىلەر بىلەن ئۇ يەرگە ئارماغان ۋە تون ئەۋەتىڭ، مۆتىۋەرلىرىنىڭ كۆڭلىنى مايىل قىلىڭ. ئۇلارغا تون يېپىپ باج-خىراج بېرىشنى ئېيتسۇن. مەنمۇ ئۇلارغا مەخپى بىر خەت يېزىپ ئۆز ئەلچىمنى ئەۋەتىمەن. شۇنى سەمىگە سېلىپ قويىمەنكى، بۇ قەۋم ناھايىتى كۈچلۈك، كۆپ چىقىشتىن كۆپ پېتىشقىچە بولغان ھەر يەرنى ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئالغان. ئۇلارغا ھېچقانداق كىشى قارشى تۇرالمايدۇ. ئەڭ ياخشىسى، ئىش ئۇرۇشقىچە بارماستىن، نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئۆلۈشىگە ۋە دۆلەتنىڭ ۋەيران بولۇشىغا سەۋەپ بولماستىن، ئىتائەت قىلىڭلار. باج-خىراج مىقتارىنى بەلگىلەڭلار ۋە بۇنى ھەر يىل ئەۋەتىڭلار دەيمەن. ئۇلار بۇ سۆز بويىچە باج-خىراجنى قوبۇل قىلىدۇ. ئۇ يەرگە ئەسكەر ئەۋەتىش ھاجەت ئەمەس. لېكىن رۇم دۆلىتىنىڭ ئەھۋالىغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ قىشلاقلىرى دېڭىزگە يېقىن ۋە ناھايىتى ئىسسىق. ئۇلارغا مۇنداق مۇئامىلە قىلىشىڭ كېرەك: ئۇلار قىشلاققا كېلىدۇ ۋە ۋاقتى كەلگەندە قايتىدىن يايلاققا چىقماقچى بولىدۇ. ئۇلار يايلاققا كېلىشتىن بۇرۇن، ئەسكەر بېرىپ يايلاقلارنى ئىشغال قىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ قىشلاقلاردىن چىقىشىغا يول قويماسلىقى كېرەك. قىشلاقلىرىدا ئىسسىق ۋە پاشىدىن ئۇلتۇرۇش ئىمكانسىز بولغانلىقى ئۈچۈن ئاجىزلىق قىلىپ مەجبۇرى ھالدا تەسلىم بولىدۇ. تەكفۇرنىڭ بۇ پىكرى ئوغۇزغا ئەپ كەلدى ۋە ئۇنى ئۆز دۆلىتىگە ۋە سەلتەنەت مەركىزىگە قايتۇردى. ئۆزى بىلەن بىللە كەلگەن ئەلچىلەرنى ۋە ئۇنى ئۆز مەملىتىگە يەتكۈزۈپ پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزۇش ئۈچۈن ئەللىكتىن كۆپ ئاتلىق ئادەمنى يېنىغا قوشتى. ئۆزىنىڭ ئوغۇللىرىغا ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىكتە كېلىشكە بۇيرۇق قىلدى. ئوغۇزنىڭ ئوغۇللىرى ئاتىسىنىڭ يېنىغا كەلدى. تەكفۇر ئوغۇزغا ناھايىتى كۆپ غەزىنە ئەۋەتتى. ئۆز تەختىدە ئولتۇرۇپ قۇللۇقنى بىلدۈردى. تەكفۇرنىڭ مەملىكىتى بۇ شەكىلدە ئوغۇزنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىغا كىرگەندىن كېيىن، پەرەڭ ۋە رۇم دىيارىغا قاراق يولغا چىقتى.

**ئوغۇزنىڭ ئوغۇللىرىنى قوشۇن بىلەن بىللە رۇم ۋە پەرەڭ تەرەپلەرگە ئەۋەتىشى**

تەكفۇر بەيئەت قىلىپ ئوغۇزغا پەرەڭ ۋە رۇم مەملىكەتلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن، ئوغۇز ئوغۇللىرىدىن ئۈچىنى، يەنى كۈن، يۇلتۇز ۋە دەڭىزنى توققۇز مىڭ ئاتلىق ئەسكەر

بىلەن بىرلىكتە رۇم تەرەپكە ئەۋەتتى. قالغان ئۈچ ئوغلىنى، يەنى ئاي، كۆك ۋە تاغنى توققۇز مىڭ كىشى بىلەن بىرلىكتە پەرەڭ دىيارىغا ئەۋەتتى. ئۇلارغا دەڭىز ساھىلىدىكى بىر يەرنى قارارگاھ قىلىپ يېنىدىكى كىشىلەرگە ئوزۇق ۋە مائاش بېرىش، ئەلچى بەلگىلەپ ئۇلارنى دەڭىزدىن ئۆتكۈزۈپ پەرەڭلەرگە ئەۋەتىش ھەققىدە بۇيرۇق بەردى. تەكفۇر بۇلارغا باش ئېگىپ ئىتتىپاق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئوغۇزنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، دەڭىز ساھىلىدا ياخشى بىر يەرنى ئۇلارغا قارارگاھ قىلىپ بەردى. ئۇلارغا لايىق مائاش ۋە ئوزۇق-تۈلۈك بەلگىلەپ بەردى. ئەلچىلەرنى پەرەڭ تەرەپكە ئەۋەتتى. ئەلچىلەر ئۇ يەرگە بېرىپ ئوغۇزنىڭ تونلىرىنى سۇندى، مۆتىۋەرلىرىگە كىيگۈزدى. تەكفۇر خان ئالدىن ئۆز ئەلچىسىنى ئەۋەتىپ ئۇلارغا ئەھۋالنى خەۋەر قىلغان ۋە ئوغۇزنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش، ئۇنىڭ تەرىپىنى تۇتۇپ ئىتائەت قىلىش توغۇرلۇق نەسىھەت قىلغان ئىكەن. ئۇلارمۇ قارشى چىقماي باش ئەگدى. بۇنىڭغا جاۋابەن مال ۋە قىممەتلىك نەرسىلەر ئەۋەتتى. ئوغۇزنىڭ ئوغۇللىرىنى كۆرۈپ ئىشنى ئۇلار بىلەن ھەل قىلماقچى، مال، پۇل ۋە قىممەتلىك نەرسىلەرنى ئۇلارغا تەغدىم قىلماقچى بولدى. ئوغۇزنىڭ ئوغۇللىرى بۇنى قوبۇل قىلمىدى ۋە مۇنداق دېدى: "ئامال يوق، سىلەر ئوغۇزنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىشىڭلار كېرەك. نېمە ئېلىپ كەلگەن بولساڭلار، ھەممىسنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىڭلار. باج-خىراج بەلگىلەپ قارارلاشتۇرۇش ئوغۇزغا ئائىت. بىز قېرىنداشلار قوشۇن بىلەن بىرلىكتە ئوغۇزدىن بۇيرۇق كەلگەنگە قەدەر مۇشۇ يەردە تۇرىمىز. سىلەر ئالدى بىلەن بېرىپ ئوغۇز بىلەن كۆرۈشۈڭلار، باج-خىراج بەلگىلەنسۇن، قايتىپ كېتىشىمىزنى ئەمر قىلسا، دەرھال قايتىمىز". ئۇلار ئوغۇزنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ بۇ جەھەتتە قەتئىي تۇرۇۋالغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئېلىپ كەلگەن مال ۋە پۇللارنى ئېلىپ ئوغۇزغا قۇللۇقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ماڭدى. بۇلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقى ئوغۇزغا خەۋەر قىلىنغاندىن كېيىن، ئوغۇز ئەسكەرلىرىنى پۈتۈن قۇرال-ياراقلىرى بىلەن سەپكە تىزىپ سەھرادا ئۇلار كېلىدىغان يولغا ئەۋەتتى. پەرەڭلەرگە ئۆزلىرىنى يىراقتىن كۆرسەتتى. پەرەڭ مەملىكىتىدىن كەلگەن بۇ ھەيئەت ئوغۇزنىڭ سەپ سەپ بولۇپ تۇرغان ئەسكىرىنى كۆرۈپ ئۆزىگە مەلۇم قىلىنغاندىن كۆپكەن دەپ قالدى. پەرەڭدىن كەلگەن بۇ ھەيئەت ئوغۇزنىڭ ھۇزۇرىغا بارغاندىن كېيىن دىمەكچى بولغانلىرىنى دېدى. ئوغۇز ئۇلارغا مۇنداق دېدى: "سىز كۆرگەن بۇ ئاز بىر قىسىم ئەسكەرنى ئاۋانگارت قىلىپ ئەۋەتكەن ئىدىم. قوشۇنىنىڭ ئەسلى بۈيۈك قىسمى بۇ يەردە، بېرىپ كۆرۈڭلار. ئەگەر بىزگە تاقابىل تۇرالايمىز دەپ ئويلىساڭلار، جەڭ قىلايلى. ئەگەر تاقابىل تۇرۇشقا كۈچىڭلار يەتمىسە، باش ئېگىشتىن ياخشى يول يوقتۇر. مال ۋە پۇلدىن باج-خىراج بەلگىلەپ ھەر يىل ئىشەنچلىك كىشىلەر ۋە ئەلچىلەر ئارقىلىق بىزگە ئەۋەتىپ بېرىڭلار. شۇنى چوقۇم بىلىشىڭلار كېرەككى، مېنىڭ قوشۇنۇم سىلەر تەسەۋۋۇر قىلغاندىنمۇ بۈيۈك. سىلەر بەلكى سۇ ۋە ئاتەشىمىز بار دەپ ئويلىغان بولۇشۇڭلار مۇمكىن، ئەمما بىلىڭلاركى، بىز بۇ يەرگە كەلگەندە نى نى دەريالارنى كېچىپ ئۆتتۇق. سىلەرنىڭ دەريا ۋە سۇلىرىڭلار ئەسكىرىمىزنىڭ نەزىرىدە ھېچنېمە ئەمەس. ئۇلار ئاتنى سال، قامچىنى پالاق قىلىپ بۇ يەرلەردىن ناھايىتى ئاسانلا ئۆتۈپ كېتىدۇ ۋە مەملىكىتىڭلارنى ئوڭتەي توڭتەي قىلىۋېتىدۇ" ئۇلار بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئوغۇزغا: "ئەي ئوغۇز ئاقا، بۇيرۇق بېرىڭ، قوشۇن قايتىپ كەتسۇن. باج-خىراج بېرىشىمىز ئۈچۈن باجگىر تەيىنلەپ بېرىڭ" دېدى. ئوغۇز ئۇلارغا: "باج-خىراج تۆلەشنى ئىختىيارى ھالدا زىممىڭلارغا ئالساڭلار، تەكفۇر خان ئۈچۈن تەيىنلەپ بەرگەن باجگىرىمىز سىلەرگىمۇ يېتىدۇ. ھەر يىل باج-خىراجنى ئۇنىڭغا ئېلىپ بېرىڭلار. ئۇ ماڭا ئەۋەتىپ بېرىدۇ. ھەر ئىككى يىلدا بىر قېتىم ئۇرۇقۇڭلاردىن بىر كىشى ماڭا كەلسۇن. مەن ئۇنىڭغا تون بېرىپ قايتۇرىمەن" دېدى. بۇ سۆز تۈگىگەندىن كېيىن، ئۇلارنى بۇ دۆلەتنىڭ ئۇسۇلى بويىچە باج-خىراج بەلگىلەپ بېرىپ قايتۇردى. بۇ ئەلچىلەر باشقا بىر ۋاقىتتا ئۆز ئالدىغا كەلگەندە ئەسكەرنىڭ ھەرىكىتىنى، ئوغۇزنىڭ قوشۇنىنىڭ بۈيۈكلىكىنى ئەقلىدە تۇتسۇن دېگەن مەقسەتتە بۇ ئېيتقانلىرىنى ئۇلارغا

تەكرارلاتقۇزدى. پەرەڭ ئەلچىلىرى ئوغۇزنىڭ قوشۇنىنىڭ زورلىقىنى، سانىنىڭ كۆپلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۆز دۆلىتىگە بارغاندا بۇ ئەسكىرى قوشۇنىنىڭ قانچىلىك چوڭ ئىكەنلىكىنى پەرەڭ پادىشاھىغا مەلۇم قىلدى. پادىشاھ بۇ ئەھۋالدىن ئەنسىرەپ زېمىنىسىگە چۈشكەن باج-خىراجنى قوبۇل قىلىپ ئىتائەت ۋە قۇللۇقىنى بىلدۈردى. ئوغۇز سەلتەنەت سۈرگەن مۇددەت بويىچە، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئوغۇللىرى ۋە ئەۋلادى دەۋرىدىمۇ باج-خىتاج ئەۋەتىپ تۇردى. ئوغۇزلارغا قارشى چىققانلار بىلەنمۇ جەڭ قىلدى.

## ئوغۇزنىڭ رۇملارغا كەتكەن ئوغۇللىرىنىڭ ئۇرىشى،ئۇلارنىڭ رۇم قوشۇنلىرى بىلەن ئۇچىرىشىشىنىڭ شەكلى ۋە تەپسلاتى

ئوغۇزنىڭ ئەسكەر بىلەن بىللە رۇمغا ئەۋەتكەن ئوغۇللىرى ئۇ يەرگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئۇچ ئورۇندا رۇملار بىلەن ئۇرۇش قىلدى ۋە ھەر قېتىمدا رۇملارنى يەڭدى. ئاخىرى رۇمنىڭ مۆتىۋەرلىرى ئۇلارغا تاقابىل تۇرالمايدىغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن ھەممىسى بىر يەرگە جەم بولدى ۋە بىربىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باش ئېگىشكە قارار بېرىپ ئوغۇزنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئالدىغا باردى. ھەر يىل باج-خىراج ئەۋەتىشكە رازى بولۇپ ئوغۇزغا ۋە ئوغۇللىرىنىڭ ھەر بىرىسىگە سەرخىل ئاتلار سوغا قىلدى. ئوغۇزنىڭ ئوغۇللىرى بۇ ھەيئەتكە: "نېمە ئۈچۈن بۇرۇنراق كېلىپ بەيئەت قىلمىدىڭلار؟" دەپ سورىدى. "ئۇ ۋاقىتتا مۇنچە ئادەم ئۆلمىگەن، مەملىكەت ۋەيران بولمىغان بولاتتى". ئۇلار جاۋابەن مۇنداق دېدى: " سىلەر بىلەن جەڭ قىلغان كىشىلەر دۆت ئادەملەر ئىدى. بىز بولساق، دۇنيا كۆرگەن، ئىسسىقنى سوغۇقنى بېشىدىن كەچۈرگەن ئادەملەرمىز. چىقىش يولىنىڭ ئۇرۇشنى توختىتىش ئىكەنلىكىنى كۆردۇق ۋە باش ئېگىپ قۇللۇقىمىزنى بىلدۈرۈشكەكەلدۇق. ھەممىمىز بىرلىكتە قۇللۇقىمىزنى بىلدۈرۈشكە قارار بەردۇق، قوبۇل قىلىش ياكى قىلماسلىق سىلەرگە تەئەللۇق. ئارىمىزدا كۆڭلىدە پەرقلىق پىكرى بولغان ۋە بۇ قارارىمىزغا خىلاپ ھەرىكەت قىلالايدىغان ھېچبىر مەخلۇق قالمىدى". ئوغۇزنىڭ ئوغۇللىرى ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ پاك قەلبى بىلەن ئوغۇزنىڭ قوشۇنىغا بەيئەت قىلغانلىقىنى چۈشەندى. ئۇلارغا: "ئاتىمىز بىزگە مۇنداق بۇيرۇق بەرگەن: كىم باش ئەگسە، شۇ بىزدىن ئامانلىق تاپىدۇ. بىز ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلمايمىز ۋە ئۇلاردىن ھېچكىمنى جازالاندۇرمايمىز. بىزمۇ ئاتىمىزنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپ ئىش قىلالمايمىز. مەملىكىتىڭلارنىڭ بىر چېتىدە ئولتۇرىمىز، ھېچقانداق شەكىلدە ھېچقانداق جانىۋارغا ۋە دۆلىتىڭلارغا چېقىلمايمىز. بۇ ئارىدا سىلەرمۇ چوڭلاردىن تەشكىل تاپقان بىر ھەيئەتنى ئاتىمىز ئوغۇز ئاقانىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتىڭلار. ئۇ نىمە دەپ بۇيرۇق بەرسە، بىزنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ سۆزى بۇيرۇقتۇر." بۇ كىشىلەر بۇ سۆزلەرنى قوبۇل قىلدى ۋە ئوغۇزنىڭ ئوغۇللىرى ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئەلچىلىرى بىلەن بىرلىكتە ئوغۇزنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى. ئوغۇز ئۇلارنى كۆرگەندىن كېيىن، ئوغۇللىرىنىڭ ئەھۋالىنى ۋە قىلغان جەڭلىرىنى سورىدى. ئۇلارمۇ كۆرگەنلىرىنى ئوغۇزغا ئۆز پېتى بويىچە ئېيتىپ بەردى. ئوغۇز ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ ھەر يىل ئەۋەتىدىغان باج-خىراج مىقتارىنى بەلگىلەپ بەردى. ئەسكىرىنى پەرەڭ ھەيئىتىگە قانداق كۆرسەتكەن بولسا، بۇلارغىمۇ بىر قانچە قېتىم شۇنداق كۆرسەتتى. بۇ قوشۇنىنىڭ زورلۇقى ئۇلارنىڭ زېھنىدىن ئورۇن ئالدى. بۇ ھەيئەتكە تون كەيگۈزۈپ ئاندىن يولغا چىقاردى. ئوغۇزنىڭ ئوغۇللىرى ئەسكەر بىلەن قايتىپ كېلىپ ئاتىسىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئوغۇز ئوغۇللىرىنىڭ ياخشى ئىش قىلغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇلاردا كاماللىق ۋە سائادەت ئىشارىتىنى بايقىغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ شەرىپىگە زىياپەت بەردى ۋە قەدەھ سۇندى. ھەر بىر ئوغلىغا بىر ئالتۇن كۇرسى بەردى ۋە ئوغۇللىرى بىلەن بىللە بولغان بەگلەرنىڭ ھەممىسىگە تون كىيگۈزدى. ئاندىن ئوغۇللىرىنى ۋە بەگلىرىنى بىر يەرگە جەم قىلىپ ئۇلارغا: "سىلەر نېمە ئۈچۈن باللىرىمغا ئالتۇن كۇرسى بېرىپ سىلەرگە تون كىيگۈزگەنلىكىمى بىلەمسىلەر؟" دەپ سورىدى. باللىرى ۋە

بەگلەر جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېدى: ”ئۇنى ئەڭ ياخشى ئۆزەڭ بىلىسەن، بىز نېمە بىلىمىز؟“ ئوغۇز بۇنى مۇنداق چۈشەندۈردى: بىر قېتىم، ئالتە ئوغلۇمنى ئاۋانگارت قىلىپ شام تەرەپكە كەلدىم. ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئىش-ئىزلىرىنى كۆردۈم ئىككىنچى قېتىم ئۈچ ئوغۇلنى پەرەڭ، ئۈچىنى رۇم تەرەپكە ئەۋەتتىم.يەنە ناھايىتى ياخشى ئىشلارنى قىلدى. سىلەر ۋە ئۇلار تۇتقان يول ياخشى. ھەتتا ئىشغال قىلىنغان مەملىكەتلەرنى تالان-تاراج قىلماسلىق ھەققىدە چىقارغان ئەمىر ۋە پەرمانلارغا تولۇق رىئايە قىلدى. مېنىڭ سۆزۈمدىن چىقمىدى. ئۆزلىرىنىڭ پىكىرلىرىنى ماڭا ئېيتتى. مانا مۇشۇ سەۋەپتىن ئۇلاردىن ۋە سىلەردىن رازىمەن. شۇنى ياخشى بىلدىمكى، ئۇلار پادىشاھلىققا لايىق، سىلەرمۇ بەگلىككە لايىق. بۇ سەۋەپ بىلەن ئۇلارغا ئالتۇن كۈرسى بېرىپ سىلەرگە تون كىيگۈزدۇم“. ئوغۇز بۇ ئىشلارنى تەرتىپكە سېلىپ يولغا قويغاندىن كېيىن ئانتاكيا، رۇم ۋە پەرەڭ مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن شۇ يەردە يەنە ئۈچ يىل تۇرۇپ قالدى. بۇ دىيارنىڭ ئىشلىرىنى تەرتىپ ۋە رەتكە سالغاندىن كېيىن، دەمەشققە قاراپ يولغا چىقتى.

**ئوغۇزنىڭ پۈتۈن قوشۇنى بىلەن دەمەشققە سەپەرگە چىقىشى**

ئوغۇز رۇم، پەرەڭ ۋە ئانتاكيا ئەللىرىنى تەرتىپكە سالغاندىن كېيىن، دەمەشققە قاراپ يولغا چىقتى ۋە دەمەشققە كەلدى.دەمەشقلىقلارنىڭ ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلىش نىيىتى بار ئىدى. لېكىن ئوغۇز ئۇلارغا جەڭ قىلغۇسى يوقتەك كۆرۈندى. دەمەشق ئەتراپىغا چۈشۈپ شۇ يەردە ئۈچ كۈن تۇرۇپ قالدى ۋە جەڭگە كىرمىدى. ئوغۇللىرى ئۇنىڭغا: ”ئۇرۇش قىلماي كۈتۈپ تۇرۇشنىڭ سەۋەبى نېمە؟“ دەپ سورىدى. ئوغۇز ئۇلارغا: “سىلەر بىلمەمسىلەر، ئادەم ئەلەيھىسسالام بۇ تۇپراقلاردا ياتىدۇ. مەن بۇ ۋەجدىن قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قالدىم ۋە جەڭگە باشلاش ئۈچۈن ئالدىراپ كەتمىدىم. ئەلچى ئەۋەتىشنىمۇ خالىمايمەن. قاراپ باقايلى، بۇ ئىش قايسى دەرىجىگە بارىدۇ ۋە ئۇلار نېمە قىلماقچىكىن “ دەپ جاۋاپ بەردى. بۇ يەرگە كەلگىلى ئۈچ كۈن بولغان بولسىمۇ، ئوغۇز ئۇلارغا ھېچكىمنى ئەۋەتمىدى ۋە جەڭ قىلىش ئارزۇسىنى بىلدۈرمىدى. بۇ سەۋەپ بىلەن دەمەشقلىقلەر ئوغۇزغا ئەلچى ئەۋەتتى ۋە ئەلچى بىلەن بىللە ئون ئىشەك يۈكى ئوقيا يوللىدى. ئەلچىلەر ئوغۇزنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە دەيدىغان گەپلىرىنى دېدى. ئوغۇز مۇنداق دېدى: ”سىلەر ۋە چوڭلىرىڭلار ئارىسالدى بولۇپ قالدىڭلار، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ئەقلىڭلارغا نېمە كەلدىكىن، بۇ يەرگە كەلگىنىمدىن بېرى ھۇزۇرىمغا بۈگۈن ئاران كېلەلىدىڭلار؟ ئەگەر جەڭ ۋە ئۇرۇش قىلىش نىيىتىڭلار بولسا، سىلەرنىڭ ئەسكىرىڭلار بەلكىم ئانتاكيا ئەسكىرىدىن كۈچلۈك ئەمەستۇ؟ ئەسكىرىمنىڭ ھەممىسى بۇ يەرگە تېخى يېتىپ كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ساقلاپ تۇرىۋاتىمەن. بۇ سەۋەپتىن سىلەرگە ئادەم ئەۋەتمىدىم. ئەڭ ياخشىسى، سىلەر قايتىپ كېتىڭلار ۋە چوڭلىرىڭلارغا ئەھۋالنى ئېيتىڭلار. بۇ يەرگە كېلىپ باش ئەگسۇن. بىز مىسىرغا كېتىۋاتىمىز. بۇ سەۋەپتىن سىلەر بىلەن جەڭ قىلىشنى بەك خالىمايمەن. سىلەر بىلەن جەڭ قىلىش ئويرۇنسىز. باج-خىراج سۈپىتىدە سىلەرگە ئوقيا بەلگىلەپ بېرىمەن، سىلەردىن ئوقيادىن باشقا بىر نەرسە كۈتكىنىم يوق “. دەمەشق ئەلچىسى بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەمەشققە قايتىپ كەتتى ۋە ئەھۋالنى ئوغۇزدىن قانداق ئاڭلىغان بولسا شۇ پېتى چوڭلىرىغا مەلۇم قىلدى. بۇ سۆز ئۇلارغىمۇ مۇۋاپىق كەلدى. يۈز ئىشەك يۈكى ئوقيا تەمىنلەپ بىر قانچە داڭلىق ئەرەپ ئېتىنى يېنىغا قېتىپ ئوغۇزنىڭ ھۇزۇرىغا باردى ۋە بۇلارنى ئۇنىڭغا تەغدىم قىلدى، بەيئەت قىلىپ باش ئەگدى. ئوغۇز چوڭلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئالدى. سىلىق مۇئامىلە قىلىپ مۇنداق دېدى: ”دۆلىتىڭلارنىڭ ئوقيالىرى ناھايىتى ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن بۇلار ئەسكىرىمىز ئۈچۈن كېرەكلىك. ئېلىپ كەلگەن قانچىلىك ئوقيا بولسا، ھەممىسىنى ئەسكەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىڭلار. ھەر بىرىگە ئۈچ ئوقيا بېرىڭلار. ئەگەر ھەر بىرىگە ئۈچ ئوقيا بەرسەڭلار، ئېلىپ كەلگەن ئوقيالىرىڭلار بۇ يىل يېتىدۇ دېگەن گەپ. ئەمدى ماڭا يول بېرىڭلار ۋە مەن مىسىرغا باراي.

خۇدايىم بۇيرىسا مىسىردىن قايتىپ كەلگەندە سىلەر خالىغان شەكىلدە باج-خىراج بەلگىلەپ بېرىمەن". ئوغۇز دەمەشقتە يەنە بىر ئاي تۇرۇپ قالدى. بىر ئايدىن كېيىن قوشۇنى بىلەن مىسىرغا قاراپ كەتتى.

**ئوغۇزنىڭ مىسىرغا قاراپ يولغا چىقىشى،يېتىپ بېرىشى ۋەئۇ يەرنى بويسۇندۇرۇشى**

ئوغۇز دەمەشقنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن مىسىر دىيارىنى ئېلىش مەقستى بىلەن شۇ تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتى. ئۈچ كۈن يول ماڭغاندىن كېيىن بىر يەردە ئىككى كۈن تۇرۇپ قالدى. ھەر قىسىمنىڭ كىچە بويىچە ئىككى-ئۈچ قېتىم كەلگەن يېرىگە قايتىپ ئەتىگەندە يەنە كېلىپ ئەسلىي ئەسكىرى كۈچلەرگە قېتىلىشى ھەققىدە پۈتۈن ئەسكىريي قوشۇنغا بۇيرۇق بەردى. شۇنداق قىلغاندا، ئەسكەرنىڭ سانى ئەسلىدىكىدىن كۆپ كۆرۈنەتتى. ئاندىن مىسىرنى قانداق ئېلىش ۋە قانداق بويسۇندۇرۇش ھەققىدە مەسلىھەتلەشتى. ئۈچ ئوغلىنى توققۇز مىڭ كىشى بىلەن ئاۋانگارت قىلىپ ئەۋەتتى. يەنە بىر ئوغلىنىمۇ توققۇز مىڭ كىشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يولغا چىقاردى. ئۆزى بولسا چوڭ قوشۇنى بىلەن ئارقىسىدىن يولغا چىقتى. يولغا چىققان كۈنى، ئەلچىلىرىنى ئۈچ ئېگەر-توقۇملۇق ئات بىلەن مىسىرغا يوللاپ ھەر ئوغلىنى قانچىلىك ئەسكەر بىلەن ئەۋەتكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن چوڭ قوشۇن بىلەن كېلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ئەلچىلەر يولغا چىققاندىن كېيىن، ئۆزى شۇ يەردە قالدى. ئوغۇللىرى ئۆزلىرىگە ئايرىپ بېرىلگەن ئەسكەرلەر بىلەن كەتتى. ئوغۇز دەمەشىق ۋە گۇتا رايونىدا، قۇددۇس ۋە خالىل ۋىلايەتلىرىدە ۋە شۇ يەردىكى ئەللەردە قىشلىدى ۋە ئوۋ ئوۋلىدى. دەمەشقلىقلارمۇ مىسىرغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئوغۇزنىڭ ئەسكىرىنىڭ ئەھۋالىنى ۋە بۇ سەۋەپتىن ئۇرۇش قىلىشنىڭ ياخشى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ سۆزلەر مىسىرلىقلارغا قاتتىق تەسىر قىلدى. ئوغۇزنىڭ ئوغۇللىرى مىسىرغا يېقىن كەلگەندە، مىسىرنىڭ پۈتۈن مۆتىۋەرلىرى ئۇلارنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن چىقتى ھەم ئۇلارغا ئارماغان ۋە سوغاتلار ئېلىپ كەلدى. بەيئەت قىلىپ بويسۇندى. باج-خىراج بەلگىلەپ بەردى ۋە ئوغۇزنىڭ ئوغۇللىرى بىر يىل مىسىردا تۇرۇپ قالدى. ئەسكەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنىڭ ھېچ قانداق كىشىگە يۈك بولماسلىقى ۋە ئۇلارغا چېقىلماسلىقى ھەققىدە يارلىق چۈشۈردى. ئەمما مۇنداق دەپ قارار قىلدى: "يىراق يولدىن كەلگەنلىكىمىز ئۈچۈن ھەر يىل باج- خىراج توپلايمىز دەپ بۇ يەرگە كېلەلمەيمىز. ئۈچ يىللىق باج-خىراجنى تۆلەش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىڭلار ۋە باج-خىراجنى بىزگە تاپشۇرۇڭلار. ئالتە يىلنىڭ باج-خىراجىنى ئىككى قېتىمدا تۆلەڭلار". بۇ يىل ئۈچ يىلنىڭ باج-خىراجىنى مىسىردىن ئالدى. قوشۇنغا نۇرغۇن مال ئېلىپ كېلىپ ئاتىسىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قايتتى ۋە ئاتىسىنىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى. ئوغۇز يەنە بىر يىل دەمەشىق ۋىلايىتىدە تۇرۇپ قالدى ۋە بۇ مۇددەت ئىچىدە دەمەشقنىڭ باج-خىراجىنى بەلگىلىدى. ئوغۇز ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ مازىرىنىڭ شۇ يەردە ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغاچقا مەككە ۋە مەدىنىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇ يەرلەردىن بىراز تۇپراق ئەكىلىشكە بۇيرىدى. ئەلچى بېرىپ تۇپراق ئەكەلدى. ئوغۇز بۇ تۇپراقتىن بىرازىنى بەدىنىگە سۈرۈپ تەگرىگە شۈكۈر قىلدى. ئوغۇللىرى ۋە بەگلىرىگە مۇنداق دېدى: "ئادەم تۇپراقتىن يارىتىلغان ئىدى ۋە ئاخىرى تۇپراق بولدى. بىزمۇ ھەممىمىز تۇپراق بولىمىز ئىنسان قانچىلىك كۈچلۈك بولسا بولسۇنكى، بۇنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى، يامانلىق ئەمەس، ياخشىلىق قىلىشى كېرەك". ئۇنىڭدىن كېيىن ئەتىيازدا بائالبەك تاغلىرىغا ۋە سالقىن يەرلەرگە بېرىپ يازنى ئۆتكۈزدى. "يازنىڭ ئىسسىقىدا باغداتقا بېرىشىم ئىمكانسىز. بىراز ۋاقىت ئۆتۈپ ھاۋالار سالقىنلىغاندا باغداتقا بارىمىز" دېدى. پۈتۈن ياز بويىچە شۇ يەردە تۇردى ۋە ھاۋالار سالقىنلىغاندىن كېيىن باغداتقا قاراپ ئاتلاندى.

### ئوغۇزنىڭ باغدات،بەسرە ۋە شۇ تەرەپلەرگە بېرىشى

ئوغۇز ياز ئايلىرىنى بائالبەك تاغلىرىدا ۋە شۇ ئەتراپتا ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ھاۋا سۆرۈنلىشىپ باغدات تەرەپكە يۈزلەندى. باغدات خەلقى بۇرۇنلا بەيئەت قىلغان ئىدى. ئوغۇز دىياربەكرىگە كەلگەندە، باغداتنىڭ پۈتۈن مۆتىۋەرلىرىمۇ ئوغۇزنى قارشى ئېلىپ كۈتۈۋېلىش ۋە ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن شۇ يەرگە كەلگەن ئىدى. بۇلار ئوغۇز بىلەن بىرلىكتە باغداتقا قايتتى. ئوغۇز باغداتقا كەلگەندىن كېيىن تەخمىنەن بىر ئايدىن كۆپرەك شۇ يەردە تۇردى. ئەلنىڭ پۈتۈن مۆتىۋەرلىرى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدى. كېيىن شەھەرنى تاشلاپ ھاۋا ئىسسىقلاپ كەتكىچە يېقىن ئەتراپتا قىشلاق تەييارلىدى. ھاۋا تېخىمۇ ئىسسىقلاپ كەتكەندىن كېيىن كۇردىستان تاغلىرىغا بېرىپ شۇ يەردە يازنى ئۆتكۈزدى. كەچكۈز بولغاندا باسراغا قاراپ يولغا چىقتى. باسرا خەلقىمۇ باشقا ۋىلايەتلەرگە ئوخشاش باش ئەگكەن ئىدى. بەيئەت قىلىپ باج-خىراج بەردى. ئوغۇز ئۇ ۋە ئۇ ئەللەرنى بويسۇندۇرۇپ ئۆزىگە قاراتتى. ھەممىسى باج- يەردىن خۇزىستان تەرەپكە باردى سپاھانغا باردى، خىراج تۆلەشكە رازى بولدى. ئۇ يەردىن كۇرك تاغلىرى ئارىسىدىن ئۆتۈپ تۇرۇۋالدى ۋە دۈشمەنلىك قىلىپ سپاھان خەلقى بويسۇنمىدى، قارشىلىق كۆرسىتىپ ئۇرۇشماقچى بولدى. لېكىن سپاھانلىقلار سېپىلدىن تېشىغا چىقمىدى. ئوغۇز ئون مىڭ كىشىلىك ئەسكەر قويۇپ قويدى سېپىلدىن تېشىغا چىقىپ ئۇرۇشماقچى بولسا ئۇرۇشۇڭلار.” دېدى. مەلۇم ۋاقىتلاردا ئون مىڭ كىشىلىك ئەسكەرگە قوشۇپ يەنە ئون مىڭ كىشىلىك ئەسكەر ئەۋەتىپ سپاھان ۋىلايىتىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى. بۇرۇنقىلىرىنى قايتۇرۇپ كېتەتتى. قالغان ئەسكەرلەر ئوغۇز بۇ ئەلدە ئۈچ يىل تۇرۇپ پۈتۈن ۋىلايەتنى تالان-تاراج قىلدى. ئۈچ يىلدىن كېيىن پۈتۈن سپاھان سېپىلى ئالدىدا توپلاندى سپاھان ئەسكەرلىرى بىلەن يەتتە كېچە-كۈندۈز جەڭ ئەسكەر قىلدى. ئەسكەرنىڭ يېرىمى بىر كۈن جەڭ قىلسا، يەنە بىر يېرىمى ئەتىسى جەڭ قىلاتتى. مۇشۇنداق قىلىپ دەل يەتتە كۈن ئۆتتى. بۇنىڭ بىر پايدىسى بولمىغاندىن كېيىن، ئوغۇزنىڭ ئىشلىرىدا باشچىلىق قىلىدىغان ۋە ئۇ ئىشىنىدىغان قارا-سۈلۈك ئاتىسى يۇشى خوجىنىڭ يېنىغا باردى. ئۇنىڭ بىلەن مەسلەھەتلەشتى: “شۇنچىلىك قاتتىق جەڭ قىلدۇق، سپاھاننى ھېلىغىچە ئالالمىدۇق. بۇ جەھەتتە بىزگە بىر يول كۆرسەت ۋە نېمە قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە بىر ئامال-چارە تاپ. يۇشى خوجا بۇ ئەھۋالنى ئوغلىدىن ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: ”تام بىلەن ئۇرۇشقاننىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق. سىلەر ھۇجۇم قىلىپ تامغا ئۇرساڭلار، ئۇلار قوشۇندىكى ئىنسان ۋە ئاتلارغا ئۇرىۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ زەربىسى ئۈنۈملۈك بولىدۇ. بۇ سەۋەپتىن سىلەرنىڭ ئەسكەرلەر كارغا كەلمەيۋاتىدۇ. بۇ ئىشنىڭ چارىسى مۇنداق: ئەسكەرنىڭ يېرىمى سپاھان خەلقى كۆرمەيدىغان بىر يەرگە يوشۇرۇنسۇن. ئۇلار ھېچنېمە قىلمىسۇن. ئۇلارنىڭ يېقىن بىر يەردە مۆكۈۋالغانلىقىنى ھېچكىم بىلمىسۇن. قالغان يېرىمى سپاھاننىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا قايتىدىن جەڭگە كىرسۇن.ئەگەر سپاھانلىقلار سېپىلدىن تېشىغا چىقمىسا، ئۇلارنىڭ شەھەر سىرتىدىكى باغ-ۋارانلىرىنى، ئۆيلىرىنى تۈپتۈز قىلىۋېتىڭلار. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق قىلىش كېرەك: ئەسكەرلىرىڭلار يېڭىلگەن بولۇپ چېكىنىپ قاچسۇن. ئۇلارمۇ ئارقىسىدىن قوغلىسۇن. شەھەردىن خېلى يىراقلاشقاندىن كېيىن، مۆكۈۋالغان ئەسكەرلەر ئۇلارنى ئارقىسىدىن قورشىۋالسۇن. ئۇ يەردە سپاھانلىقلار مەغلۇپ بولىدۇ ۋە ئارقىسىغا قاراپ قاچىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ قېچىپ شەھەرگە كىرىۋېلىشىغا يول قويماڭلار، ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار“. قارا-سۈلۈك ئوغۇزغا كېلىپ ئاتىسى ئېيتقان چارىنى ئۇنىڭغا بايان قىلدى. بۇ تەدبىرنى ئوغۇزمۇ مۇۋاپىق كۆردى. ئوغۇللىرى 40 مىڭ ئادەم بىلەن بىر يەرگە مۆكۈۋالدى. 50 مىڭ ئادەمگە قارا-سۈلۈكنىڭ بۇيرۇقىدا شەھەر دەرۋازىسى ئالدىدا جەڭ قىلىشنى ۋە ئەتراپنى ئوگتەي-توگتەي قىلىۋېتىش ھەققىدە بۇيرۇق بەردى. ئوغۇز بىلەن بىرلىكتە شەھەر دەرۋازىسىغا كەلگەن بۇ 50 مىڭ ئادەم بىر تەرەپتىن

جەڭ قىلىپ يەنە بىرتەرەپتىن سىپاھانلىقلارنىڭ ئۆيلىرىنى ئۆرگىلى تۇردى. سىپاھانلىقلار ئۇلارنىڭ ھەر يەرنى ۋەيران قىلىۋېتىدىغانلىقىنى، ئەسكەر سانىنىڭمۇ بۇرۇنقىدىن خېلى ئازلاپ قالغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، بىر قىسىم ئەسكەرنىڭ باشقا بىر مەسىلىدىن تۇپەيلى كەتكەنلىكىنى جەزم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ شەھەردىن تېشىغا چىقتى. قىلىچلىرىنى سۇغۇرۇپ ئوغۇزنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن جەڭ قىلغىلى تۇردى. ئوغۇزنىڭ ئەسكىرى پىلان بويىچە تارقىلىپ قېچىشقا باشلىدى. ئاستا ئاستا شەھەردىن خېلى يىراقلاشتى ۋە ئۇلارنى سەھراغا ئېلىپ چىقتى. ئوغۇز ئوغۇللىرى ۋە 40 مىڭ ئەسكىرى بىلەن ئەزرائىل كەبى ئۇلارنىڭ پېيىغا چۈشتى. شەھەرنىڭ دەرۋازىسىنى ۋە چېكىنىش يوللىرىنى توساپ شەھەردىن سىرتقا چىققانلارنىڭ بىرىنىمۇ تىرىك قويمىدى. بۇ شەكىلدە سىپاھاننى ئالدى. سىپاھاننى مۇۋاپىققىيەتلىك ھالدا ئالغاندىن كېيىن ئوغۇللىرىدىن تۆتىنى پارس ۋە كىرمان تەرەپلەرگە بېرىپ ئۇ ئەللەرنى ئىشغال قىلىشقا ۋەزىپىلەندۈردى

## ئوغۇزنىڭ ئوغۇللىرىنى پارس ۋە كىرمان تەرەپكە ئەۋەتىشى

ئوغۇز ئوغۇللىرىدىن تۆتىنى پارس ۋە كىرمان تەرەپلەرگە بېرىپ ئۇ ئەللەرنى ئىسغال قىلىشقا بۇيرۇغان ئىدى. ئوغۇللىرى ئاتىسىنىڭ  بۇيرۇقى بويىچە، ئۇ تەرەپكە قاراپ ئاتلىنىپ ئالدى بىلەن كىرمانغا بېرىپ شۇ يەردە جەڭ قىلدى سىپاھاننى قانداق ئالغان بولسا، كىرماننىمۇ شۇنداق ئالدى ۋە كۆپ ھەپلەشتى. ئۇ يەردىكى ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن پارس ۋىلايىتىگە كەلدى ۋە ئالدى بىلەن شىرازنى ئالدى. بۇ يەرلەرنى ئېلىش ئۈچۈن بىر يىل شۇ يەردە تۇرۇپ قالدى. ھەممە يەرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ئاتىسىغا خەۋەر يوللاپ بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىلىرىنى ۋە ئاھالىغا قانداق مۇئامىلە قىلىشى كېرەكلىكىنى سورىدى. ئوغۇز: ”بۇ ئەل ئىشغال قىلىنغان ۋە بەيئەت قىلىپ بويسۇنغان بولسا، ئۇلارنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلماڭلار. باج-خىراج بەلگىلەپ كەلگۈسى ئۈچ يىللىق باج-خىراجنى ئېلىپ قايتىپ كېلىڭلار“. دەپ بۇيرۇق بەردى. خەۋەرچى قايتىپ كېلىپ ئوغۇزنىڭ بۇيرۇقىنى ئۇلارغا يەتكۈزگەندىن كېيىن، ئوغۇزنىڭ بۇيرۇقى بويىچە باج-خىراج بەلگىلەپ بەردى ۋە ئۈچ يىللىق باج-خىراجنى ئېلىپ سىپاھانغا، ئاتىسى ئوغۇزنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى. كېيىنكى   ئۈچ يىلدا كىرمان ۋە پارسقا ئەسكەر ئەۋەتىپ پارس ۋە كىرماننى ئىشغال قىلدى. باج-خىراج بەلگىلىدى ۋە ھەر قايسى جايلارغا باجگىر تەيىنلىدى. ئوغۇز بۇ جەريانىدا سىپاھاندا تۇردى. ئوغۇللىرى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىراقى ئەجەمنى ئېلىش پىكرىگە كەلدى ۋە ئۇ يەرلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇش ئۈچۈن ئەلچىلەرنى ئەۋەتتى

## ئوغۇزنىڭ ئىراقى ئەجەم تەرەپكە ئەلچى ئەۋەتىشى

ئىراقى ئەجەمنى ئىشغال  ئوغۇز يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەللەرنى ئۆزىگە قاراتقاندىن كېيىن قىلماقچى بولدى. ئالدى بىلەن ئىككى يۈز  ئادەمنى ئاجرىتىپ ئىراقى ئەجەمگە ئەۋەتتى. بۇلار ئۇ يەرلەردىن خەۋەر توپلىماقچى، بارغان جايلاردىكى پادىشاھلاردىن ئېھتىيات قىلىپ قەلئە ۋە سېپىللارنى تەكشۈرۈپ كەلمەكچى ئىدى. ئوغۇز ”بۇلارنىڭ ئىچىدە كىچىك جايلار بولسا ئېلىڭلار، لېكىن چوڭ ۋە مۇستەھكەم جايلارغا ھۇجۇم قىلماڭلار “ دەپ بۇيرۇق بەردى. بۇ ئىككى يۈز ئادەم ئىراقى ئەجەمگە قاراپ ئاتلاندى. ئۇلار بارغان رەي، كازۋىن، ھەمەدان ۋە باشقا شەھەرلەرنىڭ خەلقى ئوغۇز ۋە قوشۇنىنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان بولغاچقا كۆڭلىدە ئوغۇزغا قارىتا بىر سۆيگۈ ھېسسىياتى تۇغۇلغان ئىدى. بۇ خەلقلەر ئوغۇزغا قارشى ئەسكەر چىقىرىپ نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئۆلۈپ ھەم دۆلەتنىڭ خاراپ بولۇپ كېتىشىدىن كۆرە، بويسۇنۇش، بەيئەت قىلىپ ئوغۇزنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ دۆلەت تۆلەيدىغان باج-خىراجنى قارارلاشتۇرۇش ۋە بۇ باج-خىراجنى ھەر يىل غەزىنىگە يەتكۈزۈپ بېرىشنىڭ تۈزۈكرەك ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭدىن باشقا ئامال بولمىغانلىقىنى

تونۇپ يەتتى. بۇ جەھەتتە ئىراقى ئەجەم خەلقى ئۆزئارا كېلىشتى: ئوغۇزغا خىزمەت قىلىش شەرىپىگە نائىل بولۇش ئۈچۈن ئوغۇزنىڭ ھۇزۇرىغا بارىدىغان ۋە باج-خىراجنى قارارلاشتۇرغاندىن كېيىن ئوغۇزنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ مەملىكەتلىرىگە قايتىپ كېلىدىغان بولدى. ئوغۇزنىڭ ئالدىغا بارغاندا باھار بولۇپ قالغان ئىدى. ئوغۇز بۇلارنىڭ دۆلەتلىرىگە قارشى ئاتلىنىشقا قارار بېرىپ يولغا چىقىش ئالدىدا تۇرغان ئىدى. ئۇلار ئوغۇزنىڭ ھۇزۇرىغا باردى ۋە تېگىشلىك دۇئالارنى قىلغاندىن كېيىن ئەھۋالىنى بايان قىلدى. ئوغۇز ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئالدى. باج-خىراج ۋە باشقا ۋەزىپىلەرنى قارارلاشتۇرغاندىن كېيىن ئۇلارنى مەملىكەتلىرىگە قايتۇردى. ئاندىن دەماۋەندكە يۈزلەندى، چۈنكى شۇ يەردە قىشلاق قۇرماقچى بولغان ئىدى. يولدا مۇنداق بىر ھادىسە يۈز بەردى: يېشى خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان بىر خوتۇن ھامىلە بولۇپ بىر ئوغۇل تۇغقان ئىدى. لېكىن يەيدىغانغا بىر يوپۇرماقمۇ بولمىغاچقا ئاچ قالغان ئىدى. ئاچلىقتىن بالىنى ئەمگۈزىدىغان سۈتى كەلمەي بالىمۇ ئاچ قالدى ئىككى-ئۈچ كۈندىن كېيىن تەسادىپەن بىر چىل بۆرە ئۇچراپ قالدى. چىل بۆرە بىر قىرغاۋۇلنى ئوۋلاپ ئېلىپ كېتىۋاتقان ئىكەن. خوتۇننىڭ ئېرى چىل بۆرىگە قارىتىپ توقماق شىللىدى. چىل بۆرە ئاغزىدىكى قىرغاۋۇلنى تاشلاپ قاچتى. خوتۇننىڭ ئېرى قىرغاۋۇلنى ئېلىپ پىشۇردى ۋە سۈتى كەلسۇن دەپ خوتۇنىنىغا بەردى. بىر قانچە كۈندىن كېيىن ئوغۇزنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشىپ كەلدى. ئەر ئوغۇزنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئۇ: "قەيەردە قالدىڭ ؟ نېمە ئۈچۈن ئارقىدا قالدىڭ؟" دەپ سورىدى. ئەر خوتۇنىنىڭ تەسادىپەن تۇغۇپ قويغانلىقىنى، بۇ سەۋەپتىن كېچىكىپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. بىراق ئوغۇز ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى ياخشى كۆرمىدى. ئۇنى: "خوتۇنۇم تۇغدى دەپ يولدا ئارقىدا قالىدىغان قانداق گەپ؟ سىلەر بۇ سەۋەپتىن يولدا قوشۇندىن ئارقىدا قالدىڭلار، ئۇ ھالدا مۇشۇ يەردە قېلىڭلار" دەپ ئازارلىدى. ئۇنىڭغا تۈركچە "قال ئاچ" دېدى. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى "ئەي خوتۇن ئاچ ۋە ئارقىدا قال" دېمەكتۇر. ئوغۇز ئۇنىڭغا شۇنداق دېگەچكە ئۇمۇ شۇ يەردە قالغان ئىدى. [ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئىسىم خالاچ بولۇپ قالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن خالاچ قەۋمى شۇ شەخسنىڭ ئەۋلاتلىرى ۋە نەۋرىلىرىدۇر.] ئۇنىڭدىن كېيىن دەماۋەندكە بېرىپ ياز بويىچە شۇ يەردە تۇردى. كۈز پەسلى كەلگەندىن كېيىن مازەندەران ۋە شۇ تەرەپلەرنى ئېلىش مەقستى بىلەن يولغا چىقتى.

**ئوغۇزنىڭ مازەندەرانغا بېرىشى،جەڭ قىلىپ ئۇيەرنى ۋە باشقا ۋىلايەتلەرنى گۇرگان،دىھىستان،خۇراسان ۋە قۇھىستاننى ئېلىشى**

ئوغۇز دەماۋەند تېغىدىكى يايلاقتا ياز مەۋسۇمىنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن مازەندەران، ئامۇل، سار، ئاستراباد ۋە بۇ دىيارنىڭ باشقا شەھەرلىرىنى ئېلىش ئۈچۈن ئاتلاندى. بۇ شەھەرلەرنىڭ بەزىلىرىنى ئۇرۇش بىلەن، بەزىلىرىنى تاتلىق تىل بىلەن كۆڭۈل ئېلىش ئارقىلىق قولغا چۈشۈردى. بەزىلىرى ئۆز ئىختىيارى بىلەن بەيئەت قىلدى. ئوغۇز قىشنى شۇ يەردە ئۆتكۈزدى. بۇ تەرەپلەرنىڭ ھەممىسنى قارام قىلىپ ھەر يەرگە باجگىر تەيىنلىدى. كېيىنكى يازنى دەماۋەندتە ئۆتكۈزدى. گۇرگان، دىھىستان ۋە شۇ تەرەپلەرگە ئەلچى ئەۋەتتى. بۇ دۆلەتلەرنىڭ چوڭلىرىنى پۈتۈنلەي بويسۇندۇردى. بۇ دۆلەتلەرنىڭ خەلقلىرىمۇ ئوغۇزنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ باج-خىراجلىرىنى قارارلاشتۇردى. ئۈچ يىللىق قەرزلىرىنى دەرھال تۆلەيدىغان بولدى. ئۇ يەردىن خوراسانغا بېرىپ ئەسفەرايىن، كەران ۋە سەبزۋار خەلقىنى بەيئەت قىلىپ بويسۇندۇردى. پەقەت نىشابۇر ئاھالىسى باش ئەگمەي جەڭ قىلىشقا قارار بەردى ۋە شەھەردىن تېشىغا چىقمىدى. ئوغۇز بۇ دۆلەتتە قىشنى ئۆتكۈزدى ۋە باھار كەلگەندە نىشابۇر ۋە تۇسقا قاراپ يۈزلىنىپ نىشابۇر ۋە تۇسنى ئالدى. يازدىمۇ شۇ يەردە تۇردى. قىش مەۋسۇمىدە باۋەرد (ئەبىۋەرد)، سەراھس ۋە مەرۋ تەرەپلەرگە بېرىپ ئۇ ۋىلايەتلەرنى پۈتۈنلەي ئۆز ئىدارىسى ئاستىغا ئالدى. ئۈچ يىللىق باج-خىراجنى ئالدى. يازدا ھەراتقا كەلدى ۋە يازنى شۇ يەردە ئۆتكۈزدى. ھەراتنىڭ باج-خىراجنى

قارارلاشتۇرۇپ ئالدى. شۇنداق قىلىپ قۇھىستان ۋىلايىتىنى ۋە ئۇ دۆلەتنى ئىشغال قىلىپ باج-خىراجنى بەلگىلەپ بەردى ۋە باج-خىراجنى ئۈچ يىل بويىچە ئارقا ئارقىدىن غەزنىنگە ئېلىپ كېلىشنى قارارلاشتۇردى. كەچكۈزدە ھەراتتا تۇردى. بىر ئوغلىنى ئۇ يەردىن ئېھتىيات ئۈچۈن توققۇز مىڭ ئەسكەر بىلەن باسرا تەرەپكە ئەۋەتتى. بۇلار خەلقنىڭ پىكرىنى ئۆزگەرتىپ باج-خىراج تۆلەشنى كېچىكتۈرۈپ قويماسلىقى ئۈچۈن پادىشاھ ئوغۇزنىڭ ۋە ئەسكىرىنىڭ بۇ يەردىن يىراقتا ئەمەسلىكىنى ئېلان قىلىپ قايتىدىغان بولدى. ئۈچ يىللىق باج-خىراج ئالدىن ئېلىنغان ئىدى. كېيىنكى ئۈچ يىللىق باج-خىراجنى تۆلەش ھەققىدە قارار چىقاردى. ئوغۇز "مەنمۇ كېلىۋاتىمەن" دەپ خەۋەر تارقىتىپ ئوغلىنى توققۇز مىڭ ئادەم بىلەن ئۈچ يىللىق باج-خىراجنى ئېلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. ئوغۇزنىڭ ئوغلى ئاتىسىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە باسرا تەرەپكە قاراپ ئېلىش توغۇرلۇق خەۋەر ئاتلاندى، بارغان يەرلەردە ئۈچ يىللىق باج-خىراجنىڭ ھەممىسنى تارقىتىپ ئەتراپقا ئەلچى ئەۋەتتى. باج-خىراجلارنى ئاتىسغا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن پۈتۈن باج-ئىراقى ئەجەمدە ئىراقى ئەجەمدە توپلىنىشى ھەققىدە قارار قىلدى. باج-خىراجلار خىراجلارنىڭ توپلانغاندىن كېيىن، ئوغۇزنىڭ ئوغلى ئەسكەرلىرى بىلەن بۇلارنى ئاتىسغا ئېلىپ باردى. بۇ ئىشلار يۈز بەرگەن ئۈچ يىل جەريانىدا ئوغۇز ھەرات، سەراھس ۋە بايگىز ۋىلايەتلىرىدە تۇرغان ئىدى.

## ئوغۇزنىڭ يۇرتىغا قايتىشى ۋە ئاخىرقى يىللىرى

ئوغۇزنىڭ ئوغلى ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇ ئۆز دۆلىتى ۋە يۇرتىغا، يەنى كۆرتاق ۋە ئورتاققا قايتىپ كېتىشكە قارار بەردى. تېز يېتىپ بېرىش ئۈچۈن گۇر ۋە گارجىستان يولى بىلەن مېڭىشنى بۇيرۇدى. بۇ ئارىدا يولدا ئېگىز بىر تاغقا كەلگەندە مۇنداق بىر ۋەقە يۈز بەردى: بۇ تاغقا كۆپ قار ياغقان ئىدى. بۇ قار يۈزىدىن ئىككى-ئۈچ ئائىلە ئوغۇزنىڭ قوشۇنىدىن ئارقىدا قالغان ئىدى. لېكىن ھېچكىمنىڭ قوشۇندىن ئارقىدا قالماسلىقى ھەققىدە يارلىق بار ئىدى. ئوغۇز بۇ ئەھۋالنى ئۇقۇپ خاپا بولدى ۋە "ياغقان بۇنچىلىك قارنى دەپ ئارقىدا قالغان بارمۇ؟" دېدى. بۇ بىر قانچە ئائىلىگە: "قارلۇق" دەپ لەقەم بەردى. [بۈگۈنمۇ ئۆزلىرىگە قارلۇق دېيىلگەن قەۋم ئۇلارنىڭ نەسلىدىن كېلىپ چىققان.] بۇ تاغدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئامۇيە دەرياسىغا يېتىپ بېرىپ دەريادىن ئۆتتى. سەمەرقەنتكە قاراپ ئاقىدىغان چوڭ بىر دەريا ئۈستىدىكى ئىلىك ۋىلايىتىدىن ئۆتكەندىن كېيىن بۇخارا چىگرىسىدىكى يالغۇز دەرەخكە كېلىپ چۈشتى.كېيىن بۇخارا چېگرىسىدا بىر قانچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن شۇ يەردىن پۈتۈن قوشۇنى بىلەن بىللە ئامان ئېسەن ئۆز يۇرتىغا يېتىپ باردى. ئۆز يۇرتىدىن چىقىپ ھەر قايسى ئەللەرنى ئېلىشى ۋە يەنە قايتىپ ئۆز يۇرتىغا كېلىشى تەخمىنەن 50 يىل ۋاقىت ئالغان ئىدى. ئۆز يۇرتىغا يېتىپ باراي دىگەندە، ئەينى چاغدا يولدىن قايتۇرىۋەتكەن قانقىلىق ۋە ئۇيغۇرلار ئوغۇزنى قارشى ئېلىپ كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن توققۇز كۈنلۈك يولغا چىقىپ ئۇنىڭغا ئارماغان تەغدىم قىلدى. ئوغۇز يۇرتقا قايتىپ كەلگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان زىياپەت ئۈچۈن توقسان مىڭ قوشقار ۋە توققۇز يۈز ئات سويۇشنى بۇيرۇدى. ناھايىتى چوڭ زىياپەت بەردى. ئالتۇن ئۆي ياساتتى. بۇ زىياپەت جەريانىدا ئۆزى بىلەن بىرگە جاھانگىرلىك سەپىرىگە قېتىلغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئامان-ئېسەن ئەسلى يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن ئالتە ئوغلى بىر كۈن ئوۋغا چىقتى. تاسادىپەن بىر ئالتۇن ئوقيا بىلەن ئۈچ ئالتۇن ئوق تېپىۋالدى. ھەممىسى بىرلىكتە بۇلارنى ئۆز تىلىكى بويىچە تەقسىم قىلىپ بېرىشى ئۈچۈن ئاتىسىغا ئېلىپ كەلدى. ئاتىسى ئوغۇز ئوقيانى پارچىلىغاندىن كېيىن بۇلارنى ئۈچ چوڭ ئوغلىغا، ئۈچ ئوقنى ئۈچ كىچىك ئوغلىغا بەردى. مۇنداق قارار قىلدى: ئوقيا بېرىلگەن ئۈچ ئوغلىنىڭ نەسلىدىن كەلگەن قەۋمگە "بوزوق" دېيىلسۇن. چۈنكى بۇلارغا ئوقيانى تەقسىم قىلىپ بېرىش ئۈچۈن چوقۇم پارچىلاشقا توغرا كېلەتتى. بوزوق سۆزىنىڭ مەنىسىمۇ پارچىلاش، بوزۇش

دېمەكتۇر. ئوق بېرىلگەن ئۈچ ئوغلىنىڭ نەسلىدىن كەلگەن قەۋمنىڭ لەقىمى ”ئۈچوق“ بولسۇن. بۇ ”ئۈچوق“، ئۈچ تال ئوق دېمەكتۇر. ئوغۇز مۇنداق بۇيرۇدى: بۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇللىرىدىن كىم كەلسە، بىرلىكتە بەسلەشسۇن: “بىز ھەممىمىز بىر نەسلىدىن“ دەپ ئەسكەردىمۇ ئۆز ئورنىنى ۋە دەرىجىسىنى بىلسۇن. بۇلارمۇ مۇنداق قارار قىلىشتى: ئوقيا بېرىلگەنلەرنىڭ ئورنى بىرئاز يۇقىرى بولسۇن، ئەسكەردە ئوڭ قولنى تەشكىل قىلسۇن. ئوق بېرىلگەنلەرنىڭ ئورنى بىراز تۆۋەن بولۇپ سول قولنى تەشكىل قىلسۇن. چۈنكى ئوقيا پادىشاھىقا ئوخشاش ھۆكۈم بېرىدۇ، ئوق بولسا ئۇنىڭغا باغلىق بىر ئەلچىدۇر. ئۇلارنىڭ يۇرتىنىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئۇسۇل بىلەن بەلگىلەپ بەردى. بۇ زىياپەتتە ھەممە كىشىنىڭ ئالدىدا سۆزىنى مۇنداق دەپ ئاياقلاشتۇردى: ”مەن ئۆلگەندىن كېيىن، مېنىڭ ئورنۇم، تەختىم ۋە يۇرت، ئەگەر كۈن ساغ-سالامەت بولسا، ئۇنىڭغا تەئەللۇقتۇر“. قارا-سۈلۈك ناھايىتى كۆپ ياخشى ئىشلارنى قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى كۆپ ماختىدى. ئۇنىڭدىن “بۇ گۈزەل چارە-تەدبىرلەرنى نەدىن ئۆگەندىڭ؟“ دەپ سورىدى.[8] قارا-سۈلۈك ئەمدى ئەھۋالنى يوشۇرمىدى. بولغان ۋەقەنى، يەنى ئوغۇزنىڭ قېرىلارنى ئارقىدا تاشلاپ قويۇش، بۇلارنى بىرلىكتە ئېلىپ بارماسلىق ھەققىدىكى يارلىقىغا قارىماي ئاتىسىنى قانداق قىلىپ يېنىدا بىللە ئېلىپ بارغانلىقىنى ئېيتىپ چۈشەندۈردى. ئاتىسى ئۆگەتكەن تەدبىرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئوغۇزغا بايان قىلدى. شۇنداقلا ئاتىسىدىن ئۆگەنگەنلىرىنىمۇ بايان قىلىپ ئۆتتى. ئوغۇز ئۇنىڭغا ئاتىسىنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. قارا-سۈلۈك ئاتىسىنى ئەكەلدى. يۇشى خوجا ئوغۇزنى، ئوغۇزمۇ يۇشى خوجىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئوغۇز يۇشى خوجىنى ھەددى ھېساپسىز ئىنئاملار بىلەن تارتۇقلىدى. بۇنىڭدىن كېيىن ھۇزۇر ۋە راھات ياششى ئۈچۈن سەمەرقەندنى ئۇنىڭغا بەگ” قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇنىڭغا تون، بەلباغ، سۇيۇرغال قىلىپ بەردى. قارا-سۈلۈكنى “ئۇلۇ لىباس ۋە نۇرغۇن مال بەردى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى زىياپەت جەريانىدا بولۇپ ئۆتتى. ئوغۇزمۇ بۇ يەردە ئۆز يۇرتىغا چۈشتى. ئوغۇزنىڭ مىڭ يىل ياشىغانلىقى ئېيتىلىدۇ. بۇندىن كېيىن ئەسكىرى بىلەن مۇشۇ يەردە تۇردى. ئەمما ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىر قېتىم قىل-باراقلار دۈشمەن بولۇپ باج-خىراج تۆلىمىگەن ئىدى. ئوغۇز قىپچاقلارنى ئۇ يەرگە ئەۋەتىپ ئاتىل ۋە يامانسۇ بويلىرىغا قەدەر بېرىپ ئولتۇرۇشنى ۋە شۇ يەرلەرنى يۇرت قىلىشنى بۇيرىدى ئىندىر-تارىغى بېجىنى ئۇلارغا ئوزۇق-تۈلۈك ۋە مائاش قىلىپ ئايرىپ بەردى. بۇ باج-خىراجنى ئۆزلىرى خالىغانچە ئىشلىتىپ بۇنىڭدىن مائاشمۇ بېرىدىغان بولدى. قىپچاقلار قىل-باراق، دەربەند ۋە شۇ تەرەپلەردىكى ئەللەردىن باج-خىراج توپلاپ غەزىنىگە ئەۋەتىپ بەردى. قىپچاقلار بۇ يۈزدىن شۇ يەردە تۇرۇپ قالدى ۋە شۇ يەرنى يۇرت قىلىۋالدى. ئوغۇز مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرگەندىن كېيىن ۋاپات بولدى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)